كىتابلار گۈلىستانى

# ئىسراپچىلىق توغرا يولدىن چىقىشتۇر

(نەۋابىغۇل ئىسلام)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

كلاسسىكلار گۈلىستانى

# ئىسراپچىلىق توغرا يولدىن چىقىشتۇر

(نەۋابىغۇل كىلەم)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: زىبا مۇھەممەت

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

浪费可耻：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3

(经典之花系列丛书)

ISBN 978-7-80744-771-9

I. 浪… II. 阿… III. 维吾尔族－谚语－汇编－中国－维吾尔语（中国少数民族语言） IV. I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024505 号

从书名　经典之花系列丛书
本册书名　浪费可耻
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　著　孜亚·穆罕默德
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任校对　克尤木·吐尔逊

出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社

地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　3
版　　次　2009 年 3 月第 1 版
印　　次　2009 年 3 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-80744-771-9
定　　价　9.90 元

（书中如有缺页，错页及到装请与工厂联系）

www.uyghurkitap.com

**مەجمۇئە ئىسمى:** كلاسسىكلار گۈلىستانى
**كىتاب ئىسمى:** ئىسراپچىلىق ـــ توغرا يولدىن چىقىشتۇر
**پىلانلىغۇچى:** مۇرات ئېلى
**باش تۈزگۈچى:** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچى:** زىيا مۇھەممەت
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەنۋەر قۇتلۇق
**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** خاسىيەت ئىبراھىم
**مەسئۇل كوررېكتورى:** قەييۇم تۇرسۇن

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى:**
**فورماتى:** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 3
**نەشرى:** 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-80744-771-9
**باھاسى:** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۇزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت، تەلىم ـ تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئىسراپچىلىق توغرا يولدىن چىقىشتۇر» دېگەن كىتابتا ئوبۇلقاسىم مەھمۇد ئىبنى ئۆمەر ئەز ـ زەمەخشەرى (1059 – 1111) نىڭ «نازۇك ئىبارىلەر» دېگەن ئەسىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# يىراق ياشا غەپلەتتىن

ئەي بالام، قۇلاق سال، ئەمدى ساڭا هاياتىڭغا مەنە قوشىدىغان، سېنى ياخشىلىقتا ئۈندەپ، يامانلىقتىن توسىدىغان «جۇشقۇن سۆزلەر» ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي. بۇ كىمگە تەئەللۇق ھېكمەت خەزىنىسى دېدىڭمۇ؟ زەمەخشەرى دەپ ئاڭلىغانمۇ سەن، بالام؟ ئاڭلىمىغانمۇ؟ ھېچقىسى يوق، ئاستا ـ ئاستا ئاڭلايسەن، بىلىسەن. سەن ئاڭلىمىغان دانىشمەن، ئالىم ـ ئۆلىمالار تېخى نۇرغۇن. بىر ـ بىرلەپ ئۆگىنىسەن. ھەربىر ئەللامىنىڭ ئالىمى ئۆزگىچە نۇر ـ چەشمە دۇنياسى. سەن ئۇ يەردىن هاياتىڭنى نۇرغا تولدۇرغۇچى نۇرانە دۇر ـ چەشمىلەرنى يەتكىچە تاپالايسەن. كەل ئەمىسە مەن ئالدى بىلەن ئاشۇ بۈيۈك ئەللامىلەر ئىچىدە ئۆزگىچە نۇر چېچىپ تۇرغان بىر ئۇلۇغ زات ۋە ئۇنىڭ بىر قىسىم ھېكمەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرەي.

ئەللامە زەمەخشەرى ھەزرەت ھىجرىيىنىڭ 764 ـ يىلى (مىلادىيە 1075 ـ يىلى) خارەزمنىڭ زەمەخشەرى دېگەن

يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئەسلىي ئىسمى ئەبۇلقاسىم ماھمۇد بىننى ئۆمەر بولۇپ، زەمەھشەرى ئۇنىڭ تەخەللۇسىدۇر. ئۇ تۈرك نەسلىدىن دەپ قارالماقتا. لېكىن ئۇ ئەرەب تىلى ئەدەبىياتىدا چوڭقۇر بىلىم ۋە يۈكسەك ماھارەتكە ئىگە بولۇپ ئەللامە دەرىجىسىگە يېتىشكەن. ئەرەب نەسلىدىن بولغان ھېچقانداق ئالىم ۋە ئەدىب بۇ تىل ۋە ئەدەبىياتقا ئۇنىڭدەك خىزمەت قىلغان ئەمەس دېيىشمۇ ئەرزىيدۇ. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 835 ـ يىلى بىر ئايەم كېچىسى جۇرجانىيىدە ۋاپات بولغان.

ئۆزى باشقا بىر تىلدا چوڭ بولۇپ، كېيىن ئۆگەنگەن يەنە باشقا بىر تىلدا ئەسەر يازماق، يەنە كېلىپ شۇلارنىمۇ ھەيرەتتە قويغۇدەك بالاغەتتە سۆزلىمەك ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس، بالام. مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، زەمەھشەرى ھەزرەت ئىلىم بابىدا يېتۈك ئەزىمەت ۋە تىنىمسىز ئىزدەنگۈچى كەرەملىك زات ئىدى. ئۇنىڭ «ئەل كەششاف»، «ئەن نەسايىھ ئەل كىبار» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار[1]. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا «فەخرۇل خارەزم» (خارەزمنىڭ پەخرى)، «ئۇستازۇل ئەرەب ۋە ئەجەم» (ئەرەبلەر ۋە باشقا ئىرقلارنىڭ ئۇستازى) دېگەن ئۇنۋانلارغا ئېرىشكەن. كۆرگەنسەن بىر يۇرت، ئەلنىڭ پەخرى دېگەن

---

① «ئەل كەششاف» ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتى جەھەتتە ئەڭ كامالەتكە يەتكەن ئالەمشۇمۇل بىر قۇرئان كەرىم تەپسىرىدۇر.

شەرەپكە مۇيەسسەر بولماق ناھايەت مۇشكۇلكى، ئۇ سەندىن پەننىڭ ھەممە ساھەلىرىدە زور بىلىمگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىلىمدە، پەزىلەتتە كامالەتكە يېتىشكەندىلا ئاندىن ئىلىمدە ئۇستازلىق دەرىجىسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. زەمەھشەرى ھەزرەت ئەنە شۇنداق يېتۈك ئۇستازكى، ئۆز دەۋرىنىڭ زامانداش ئۆلىمالىرىمۇ ئۇنىڭغا كاتتا ھۆرمەت كۆرسىتەر، قايىللىقتا باش لىڭشىتار ئىدى. ساڭا ئاشۇنداق بۈيۈك ئەللامىنىڭ ھاياتىدا يەكۈنلىگەن قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ۋە باشقىلارغا قىلغان ئۆلمەس پەند - نەسىھەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن سۆزلەپ بېرەي.

زەمەھشەرى ھەزرەت «جۇشقۇن سۆزلەر» ناملىق بۇ كىتابىنى «بۇ كىتاب ساقلىنىشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق ئىشلارنى ۋە پايدىلىق نەسىھەتلەرنى سۆزلىگۈچى ناتىق بولۇپ، كىشىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىدىغان ھەر بىر ئىبرەتلىك سۆزى بىلەن ئادەم كۆڭلىگە ئوت ياقىدۇ. مەن بۇ كىتابىم بىلەن گويا لوقمان ھېكمەتلىرىنى شەرھلىگەن ۋە سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىرى ئاسەف كىتابىنى بايان قىلغان بولىمەن» دەپ تەرىپلەيدۇ. دېمەككى بۇ كىتاب سەن ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق ھېكمەتلەر ۋە مەنە خەزىنىلىرىدىن پۈتكەن بولۇپ، ئۇنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلا. ھەرگىزمۇ بۇ دۇردانە ھېكمەتلەرنى ئاڭلاپ قويۇپلا ئۇنتۇپ كەتمە. ئاڭلاپ قويۇپ

ئەمەل قىلماسلىق، ھەربىكىتىدە ئىپادىلىمەسلىك ئىلىمگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك، ئالىمنى كۆزگە ئىلماسلىق، تېخىمۇ توغرىسى ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ ھاياتىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكتۇر. زەمەھشەرى ھەزرەت خۇددى مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلگەندەكلا كىتابىنىڭ بېشىدا مۇنداق دەيدۇ:
«لېكىن بۇ يەردە قۇلاقلار ھەر سۆزنى ئاڭلاشتىن بېكىتىپ تاشلانغان ۋە ئۇنى تەپەككۇر قىلىپ ئويلاپ كۆرۈشتىن زېھىنلەر توسۇۋېتىلگەن.»
— ئاڭلىدىڭمۇ، بالام؟ غەپلەت يامان نەرسە، ئۇ سېنى تۇيدۇرماي لەھەتكە تىقىۋېتىدۇ. سەن ھاياتتا قايسى ئىشلارنىڭ مۇھىم، جىددىي، تەخىرسىز ئىشلار ئىكەنلىكىنى، قايسى ئىشلارنىڭ ئەھمىيەتسىزلىكىنى بىلەلمەي ئۆتۈپ كېتىسەن. پايدىلىق ئاگاھلاندۇرۇشلارغىمۇ قۇلاق سالمايسەن، ۋۇجۇدۇڭ تىترىمەيدۇ، يۈرىكىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆمرۈڭگە سىرقىرىمايدۇ، ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتقان ئەقلىڭ، زېھنىڭ، كۈچۈڭ، ئىقتىدارىڭغا ئىچىڭ ئاغرىمايدۇ. مانا بۇ غەپلەت، مانا بۇ كورلۇق. «ئەي ئىنسان ئوغلى! ئۆمرۈڭ قويۇندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. سەن بولساڭ تار كۆز قاراشلىرىڭدىن كەلگەن غەپلەت ۋە ئەقىلسىزلىك بىلەن بۇ زاۋاللىق ئالەمدە ئەسىرلەر بويى تۇرۇشنى ئۈمىد قىلىسەن.
قارىغىنا، ھاياتىڭ پۈتۈنلەي كۈندۈزنىڭ يورۇقى ۋە

www.uyghurkitap.com

كېچىنىڭ قاراڭغۇسىدەكلا بىر نەرسە! ۋاقىتىڭنى غەپلەت ئۇيقۇلىرى بىلەن ئۆتكۈزمە. زىددىيەت ۋە غەيرەت تۇلپارىنى ئۆكچىلەپ، سالامەت مەنزىلىگە ئۇلاشقان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ بىرىگە مەنسۇپ بول.» چۈنكى غەپلەتتىكى ئادەم دۇنيالىقتىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى تاشلاپ نەدىكى ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن پالاقلاپ چاپىدۇ. كىيىم ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆز ـ كۆز قىلغۇدەك قىممەت، مەنە ئەكەلمەيدۇ ۋە بەلكى ئۇنىڭ روھىنى تېخىمۇ چىركىن قىلىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆرەڭلىك قىلىپ، كىشىلەرگە كۆرسىتىش قويۇش ئۈچۈنلا بارلىق زېھىن، ۋاقتى، ئىقتىسادىنى شۇنىڭغا سەرپ قىلىۋېتىدۇ ـ دە، باشقا ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن باش قاتۇرۇشتىن مەھرۇم بوپقالىدۇ. ئەجەبا بۇ ئۇنى غەپلەتكە پاتۇرۇۋەتكەن بولماي نېمە؟ ساۋاقداشلىرىڭ ئىچىدىكى ياسانچۇقلۇقى بىلەن ماختىنىپ يۈرىدىغانلارغا زەن سالغىنىكى، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن ئىلىم، بىلىم ئىزدەش، ئۆگىنىش، ھاياتنى ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن بېزەشكە ئائىت گەپلەر ئازراق چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئويناش، يېڭى كىيىم، شۇنى سېتىۋېلىش، كىملەرنىڭدۇر كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىش. شۇنداقمۇ، ئەمەس؟

«شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلارنىڭ ياتاقلىرى غەپلەت بۆشۈكىگە ئايلانغان، خۇددى مۈشۈك ـ قاپلانلارغا

ئوخشاش ئۇلارنىڭ قاپاقلىرىدا ئويغاقلىق كەم.» ئۇلار ئويغاق يۈرىمىز دەيدۇ ـ يۇ، روھىي غەپلەتتە، ئۇيقۇلۇق، ھەتتا يېرىم ئۆلۈك ياشايدۇ. ئۇلار بىز تىرىكمىز دەيدى ـ يۇ، ئەمما روھى ئاللىقاچان ئۆلگەن. ئەتراپىمىزدىكى يەنە بەزىلەرگە قارىغىنىكى ئۇلارنىڭ ھاياتتا نە قوغلاشقۇدەك غايىسى، نە ئۆزىنى بېغىشلىغۇدەك ئەقىدە ـ ئېتىقادى يوق. ئويۇن ـ تاماشا، كۈلكە ـ چاقچاق ياكى ئاللىقانداق ئەرزىمەس ئىشلارنىڭ كەينىدىن پالاقلاپلا يۈرىدۇ ـ دە، ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي قېرىيدۇ، ھەتتا بۇ دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلدى شۇنىمۇ بىلەلمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ. مانا بۇ غەپلەت، مانا بۇ زۇلمەتلىك ئۆمۈر، بالام. مۇنداق ياشىغان ئۆمۈردە نە مەنە؟ نە ھەقىقىي شادلىق، نە ھەقىقىي بەخت؟!

ھاياتىڭنى نۇرغا تولدۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ۋۇجۇدۇڭنى نۇرغا تولدۇر. قەلبىڭ پاكىز، غايىلىك بولسۇن. روھىڭ سەگەك، تۇيغۇن تۇرسا، قەلب كۆزلىرىڭ ئوچۇق تۇرسا ھاياتنىڭ ھېكمەتلىك سادالىرىنى تىڭشىيالايسەن ۋە ئۆمرۈڭنى بەخت بىلەن بېزەش ئۈچۈن ھارماي كۈرەش قىلالايسەن. سەگەك ھايات دېگەن شۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن قەلبىڭنى پاكىزلا، ئۇنى دانالارنىڭ ھېكمەت دۇردانىلىرى بىلەن تولدۇر.

زەمەھشەرى ھەزرىتىم «خۇدايا، بۇ كىتابىم ئۈچۈن ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە توغرا يولدا مېڭىش جەھەتتە رىغبەت

قىلغۇچىلارنى ھەمدە پايدىلىق ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ياخشى كۆرگۈچىلەرنى ئاتا قىلغايسەن» دەپ تىلىگەنىكەن. كەل، بالام، بىزمۇ ئۇنىڭ «جۇشقۇن سۆزلەر»ىدىن تېگىشلىك نەپ ئالالىشىمىزنى تىلەپ ئۇنىڭ ھېكمەت دۇنياسىغا شۇڭغۇيلى.

# دوست ـ بۇرادەر ـ بايلىقتۇر

ئەي بالام، ئاڭلىغىنكى، دوستلۇق بۇ ئالەمدىكى شۇنداق ئەزگۈ بىر تۇيغۇدۇركى ۋە شۇنداق مۇھىم رىشتە ـ مۇناسىۋەتكى، سەن بۇ ئالەمدىن ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئۆتەلمەيسەن، ياشىيالمايسەن. زەمەھشەرى ھەزرەت «ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان كەسپكە قولىمىزدىن تۇتۇپ يېتەكلە، دەردلىك قەلبىمىزنى داۋالاشقا بىزنى مۇۋەپپەق قىل» دېگەنىكەن. بىز بۇ بىر جۈملە ئىدانى بارلىق دوستلىرىمىزغا بېغىشلاشقا ھەقلىقمىز.

بالام، ئادەم دۇنيادىن دوستسىز ئۆتەلمەيدۇ. ئەمما دوستنى تاللاپ تۇتۇش كېرەك. ناۋادا سەن يامان بىلەن دوست بولساڭ، چوقۇم ئۇنىڭ كاساپىتىگە كېتىسەن. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن «قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار، يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز قالغان. بۇ ھەقتىكى ھېكايەتلەرمۇ ئاز ئەمەس. تۆۋەندە شۇلاردىن بىرىگە قۇلاق سالغىن:

يەرلىرىنى تېرىپ بولغان دېھقانلار ئەمدىلا سېلىنغان

ئۆرۈقلارنى قۇشلارنىڭ ئوغرىلىقچە يەۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئېتىز ئارىسىغا تور يېيىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بىر توپ قاغىلار قاقىلدىشىپ كېلىپ، ئۆرۈقنى ئوغرىلاپ يېمەكچى بولۇشۇپتۇ. بىراق دېھقان چاققان كېلىپ ئارغامچىنى شۇنداقلا تارتقان ئىكەن، ئوغرىلىققا كۆنۈپ كەتكەن بۇ مەلئۇنلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا تورغا چۈشۈپتۇ. دېھقان خۇشال بولۇپ ئادەملەرگە زىيانلىق بۇ قاغىلارنى بىر - بىرلەپ تۇتۇۋاتقاندا قاغىلار ئارىسىدىكى بىر لەيلەك قۇشنى بايقاپتۇ. تورنىڭ يىپى لەيلەكنىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇۋەتكەن بولۇپ، ئېچىنىشلىق ئىڭراۋاتقانىكەن. دېھقاننىڭ ئۆزىنى تۇتماقچى بولغانلىقىنى كۆرگەن لەيلەك نالە قىلىپ تۇرۇپ:

— مېنى ئامان قويغىن، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. مەن سەن تۇتماقچى بولغان قاغا ئەمەس، مەن لەيلەك قۇش، يېقىملىق، كىشىلەر ئامراق قۇش. قارا، مەن ئاتا - ئانامغا ۋاپادار، ئۇلار ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەيمەن. ئىنچىكە قاراپ باق، مېنىڭ پەيلىرىم قاغىلارنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.

دېھقان لەيلەككە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— دېگىنىڭ ھەقىقەتەن توغرا، بىراق مېنىڭچە، بۇ ئوغرىلىققا كۆنۈپ كەتكەن قاغىلار بىلەن بىرگە يۈرگەن سەنمۇ ياخشى ئىش قىلمايدىغان نەرسىدەك قىلىسەن.

بۇنىڭ ئۆزىلا سېنى ئۆلتۈرۈشۈمگە يېتەرلىك سەۋەب بولالايدۇ، ـــ دەپتۇ.
شۇنداق بالام، بىر ئادەمنىڭ دوستلىرىغا قاراپ ئۇ ئادەمنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇزۇق ئادەملەر بىلەن ھەرگىز ئارىلاشما. بولمىسا، يۇقىرىقى ۋەقەگە ئوخشاش «قاغا بىلەن دوست بولساڭ، يېيىشىڭ پوق» بولۇپ قالىدۇ.
زەمەھشەرى ھەزرەت مۇنداق دېگەنىكەن: «ئالىيجاناب ـ مەرد ئادەمنىڭ گۈزەل خۇلقلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ ئۆز بۇرادەرلىرىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى يېپىپ، ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئۆز ئىشى بىلەن تەڭ كۆرىدۇ.» ھەقىقەتەنمۇ ياخشى دوست، ئاغىنە بىباھادۇركى، ئۇنىڭ باھاسىنى ھېچنېمە بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدۇ، ئۇ ساڭا چەكسىز خۇشاللىق ۋە بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ.ياخشى دوستۇڭ ياخشى پەزىلەتلىرىڭنى ئەلگە تارقىتىدۇ. قۇسۇر ـ نۇقسانلىرىڭنى كۆرسە، چاۋاڭنى چىتقا يايمايدۇ. بەلكى ياخشى پەند ـ نەسىھەتلىرى بىلەن ساڭا نەسىھەت ۋە مەسلىھەت بېرىدۇ. جاپا ـ مۇشەققەتتە بىرگە بولۇپ، سېخىيلىق بىلەن سەندىن ئۆز ياردىمىنى ئايىمايدۇ. بەرگەن ياردىمىگە، قىلغان ياخشىلىقىغا مىننەت قىلمايدۇ، سەندىن نەپ ئېلىشنى ئويلىمايدۇ. خۇشاللىق ۋە قايغۇڭغا ئورتاق بولىدۇ. شان ـ شەرەپلىرىڭگە يامان كۆزدە قارىمايدۇ. سىرىڭنى ساقلايدۇ.

www.uyghurkitap.com

دېمەك، دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىقنىڭ ئادەمگە نىسبەتەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پايدىلىق جايلىرىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن جەھەتلەردە پايدىسى بار، بۇنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

ئەمما، بالام دوستلۇقنىڭمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەرلىرى ئاز ئەمەس. بۇنىڭ بىرى دوست تاللاشتۇر. زەمەھشەرى ھەزرىتىم دوست تاللاشتىكى ئەڭ مۇھىم شەرتلەر قاتارىدا بىلىملىك، پەزىلەتلىك، كامىل كىشىلەر بىلەن دوستلىشىش كېرەكلىكىنى، شۇندىلا ھاياتتا تۈزۈك ئىز قالدۇرۇش مۇمكىنچىلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئىقبالى پارلاق كىشىلەرنىڭ پېشىنى تۇتسا، مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتەر، ماڭغان يېرىدىن كۆك مايسا ئۈنۈپ چىقار.» كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشقا توغرا كەلسە، خىزمىتىدە بولساڭ سېنى ئاسرىغان، ھەمراھ بولساڭ سېنى قەدىرلىگەن، تاماققا ئولتۇرساڭ سېنى تاماققا تەكلىپ قىلغان، سەن ياخشىلىق قىلساڭ ساڭىمۇ ياخشىلىق قىلغان، ياخشى ئىشلىرىڭنى ئېسىدە ساقلىغان، يامان ئىشلىرىڭنى توسىغان، سورىساڭ بەرگەن، توختىساڭ ئۆزى باشلامچى بولغان، مۇسىبەت كەلسە ھېسداشلىق قىلغان، گەپ قىلساڭ ئىشەنگەن، بىر ئىشقا تۇتۇش قىلساڭ سېنى يېتەكچى قىلغان كىشى بىلەن دوست بولغىن.

زەمەھشەرى ھەزرىتىم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىكەن:

«ئاتقا ھەرقاچان قامچا لازىم، گەرچە يىراقتا چاپىدىغان ئات بولسىمۇ.» يەنى بىز مەيلى ھەرقانچە كامىل بوپكېتەيلى تۇرمۇشتا ھامان بىزگە يار ـ يۆلەك بولىدىغان ياكى ھېچبولمىسا بىزگە ھال ـ مۇڭ بولىدىغان، بىزنى يامان يوللاردىن، كىبىر ـ كۆرەڭلىكتىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرغۇچى سەمىمىي دوست ـ بۇرادەرلەرگە موھتاجمىز. بۇلارنىڭ بولماسلىقى بىزنىڭ ئۆمرىمىزنى تولىمۇ قۇرغاق، يېگانە، مەنىسىز قىلىۋېتىدۇ.

دوستلۇق ئىككى قەلبنىڭ ئورتاق دىئالوگلىشىشى، يەنە كېلىپ سەمىمىي، دوستانە، باراۋەر يوسۇندا سىردىشىشى، بىر ـ بىرىگە يۆلەك بولۇشىدۇر. شۇڭا دوستلۇق ئاغىنىدارچىلىق، باراۋەرلىك ئاساسىغا قۇرۇلۇشى لازىم. باراۋەرلىك ئاساسىغا قۇرۇلمىغان دوستلۇقنىڭ ئۇلى مۇستەھكەم بولمايدۇ. بۇ دېگەنلىك ئۆزۈڭگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئادەمنى دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىققا تاللا دېگەنلىك بولۇپ، ئەمەل ـ مەنسىپى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى سەندىن يۇقىرىلارنى دوست ـ ئاغىنە تۇتىمەن دېسەڭ، سېنى كۆزگە ئىلماي رەنجىتىپ قويۇشىدىن خالىي بولالمايسەن. يەنە بىرى ئۇنىڭغا يېتىپ بولالماي مۇشەققەت تارتىپ قالىسەن. ئۇ ساڭا ئاسماندىن قارىسا، سەن ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قارىساڭ، بۇنى دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىق دېگىلى بولمايدۇ.

يەنە بىرى، دوستلۇق ـ ئاغىنىدارچىلىق ئەخلاقىغا

www.uyghurkitap.com

رىئايە قىلىش. مۇبادا سەن دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىق ئەخلاقىغا رىئايە قىلىمەن دەيدىكەنسەن، ئالدى بىلەن دوستۇڭ، ئاغىنەڭگە ۋاپادار بول، يەنە دوست، ئاغىنەڭ جاپا ـ مۇشەققەتتە قالغاندا، يار ـ يۆلەك بول، يىراقنى يېقىن، قىيىننى ئاسان قىلىشقا ياردەملەشكىن، ۋەدىگە ۋاپا قىل، پۇل ـ مالنى دەپ دوستۇڭغا خىيانەت قىلما، بۇنداق قىلساڭ سەنمۇ دوستلارنىڭ خىيانىتىگە ئۇچرايسەن.

«سېنى خاپىچىلىققا ئۇچراشتىن ئاگاھلاندۇرغۇچى كىشىگە ياخشى مۇئامىلىدە بول، ‹قورقما، ھېچ گەپ يوق› دېگۈچىدىن يىراق بول.» زەمەھشەرى ھەزرەت بۇنى دېيىش ئارقىلىق سېنىڭ ھەقىقىي دوست بىلەن ساختا دوستنى ئايرىۋېلىشىڭ كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. دوست دېگەن ئەڭ ئالدى بىلەن سەن بىلەن تىلداش ـ دىلداش بولۇشى، سېنىڭ ئويـۇڭ، ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭغا ئورتاقلىشىپ بېرەلىشى ۋە كەلگەن كۆلپەتلەرگە تەڭ مۆرە تىرەپ بېرەلىشى، ھېچبولمىغاندا بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە قۇيرۇقىنى قىسىقىنىچە قاچماسلىقى كېرەك. داستىخاندىكى، رېستوراندىكى دوست دوست ئەمەس، ھەمداستىخان، جور تاماشا، كوچىدا بىللە مېڭىشىپ، ھاراقنى بىللە ئىچىشىپ، پۇلنى بىرلىكتە خەجلىشىپ، بىر ئىشخاندا، بىر كەسىپتە ئىشلەپ يۈرگىنى دوست ئەمەس، بەلكى ئىشداش، يولداش، رومكىداش. دوست ئۆزىمىزنىمۇ، سېنىمۇ ھەر ۋاقىت ئويلاپ تۇرغۇچىدۇر.

ئۆزىگە راۋا كۆرگەننى ساڭىمۇ تەۋسىيە قىلىدىغان، سېنى يامان ئىش ـ ئادەتلەرنىڭ چىرىتىشىدىن توسىيالايدىغان، ئائىلەڭنىڭ خاتىرجەملىكىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، سىرىڭنى ساقلىيالايدىغان، ھەر قانداق كەيپىياتىڭغا ئەندىشىسىز ئورتاقلىشالايدىغان، خوتۇن ـ بالىلىرىڭغا شەكسىز ھامىيلىق، ئاتىدارچىلىق قىلالايدىغان، ھەر قانداق ئېغىر كۈنلەردە ياكى شادلىق كۈنلەردىمۇ يېنىڭدا مەھكەم بىرگە تۇرالايدىغان، سېنى كۆرەڭلەپ ئۆزىنى يوقىتىشتىن ياكى جۇشقۇنلىشىپ ئۆزىنى تۇگەشتۇرۇۋېلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرالايدىغان خالىس ھەمراھىڭدۇر. ئۇ باي بولۇشىمۇ، كۆك نامرات بولۇشىمۇ، چوڭ ـ كىچىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، دوستلۇق ساداقىتىدە چىن دوست بىباھا ـ تەڭداشسىزدۇر.

«بىكارمۇ سەن» دەپ جىددىي ئىشىڭنى تاشلاتقۇزۇپ ئىچىشكىلى، چېكىشكىلى ۋە يەنە بىر نىمىلەرنى قىلىشقىلى سۆرەپ ئېلىپ ماڭىدىغان بىراۋنى دوستۇم، ئىشەنچلىك، يېقىن ئاغىنەم دەپ ئۇنىڭغا بېرىلىپ كەتمە. دوست ھەرگىزمۇ دوستقا ھارامنى، خىيانەت، جىنايەتنى تەۋسىيە قىلماس، دوستىنىڭ ئىززىتى، ئابرۇيى غۇرۇر ـ پەزىلىتىڭنى قوغدىسا قوغداركى، ھەرگىز ئۇنى زىيانغا ئۇچراتماس، بۇزۇق، تۇيۇق يوللارغا باشلىماس. يامان كۈنلەر كەلگەندە ئۇ سېنىڭ تامامەن ئەپت ـ بەشرەڭنىڭ ھەممىسىنى خەلقئالەمگە ئاشكارىلىۋېتىپ سېنى پۇچۇق

تېنىنغا ئالغۇسىز رەسۋا قىلىۋېتىشى مۇمكىن.
ئۇ سىنىڭ دوستۇڭ بولسۇن، ساڭا ياخشىلىقنى، گۈزەللىكنى تەۋسىيە قىلسۇن. تاماكا چېكىپ، ھاراق ئىچىۋاتقان بولساڭ قولۇڭدىن تاماكا ـ رومكىلارنى يۇلۇپ تارتىۋېلىپ «سەن بىزگە لازىم» دېيەلەيدىغانلارنى دوستۇم دەپ بىشىڭدا كۆتۈر. «بىرنى چېكىپ، ئىچىپ قويغانغا نېمە بوپتۇ؟ يۈزۈمنى قىلمامسەن ئاغىنەم، كۆتۈرۈۋەت...» دېگەندەك پەلپەتىش گەپلەر بىلەن زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ زەنجىرىگە قىستىغانلارنىڭ خۇمپەرلەرچە قىرغىنچىلىققا قاراپلا ئۇلارنى دوستۇم دەپ تاپىنىغا سۆيمە. دوست دوستقا زەھەرنى راۋا كۆرەمدۇ؟
ھەر قانداق كىشىگە ئوڭايلا ئىشىنىپ كەتمە. دوستنى بالا ـ قازا سىنايدۇ. سىنىلىپ بولغىچە ئۇنىڭغا پۈتۈن سىرىڭنى ئاشكارىلىما ھەمدە پەزىلەتسىز دوستلىرىڭدىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشىپ كەت. «پىيازنىڭ پوستى تولا، ئەخمەقنىڭ دوستى» دېگەندەك تاپىنى يوق ئادەملەر بىلەن تولا ئارىلىشىپ كەتمە. ئارىلاشساڭمۇ ھەددىدىن زىيادە يېقىنلىشىپ كەتمە.
دوستقا ئېرىشىش ئۈچۈن سەنمۇ باشقىلارغا سەمىمىي، دوستانە مۇئامىلە قىل. باشقىلارنىڭ ھەقىقىي ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشكە تىرىش. ساختىپەزلىك، ۋىجدانسىزلىق، نائەھلىلىك قىلما. دوستۇڭنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى ھەر جايدا قوغدا. كىشىلەر سەندىنمۇ

ئىشەنچلىك، غەرەزسىز دوستانىلىقنى ھېس قىلالىسا ئاندىن ساڭا دوستلۇق كۆڭلىنى سۇنىدۇ. قاپاق پۇچۇقىغا ھېچكىم ئالتۇن تاۋاقنى پار قىلمايدۇ.

بالام، دوست ـ ئاغىنەڭ غەمكىن بولۇپ قالسا، غەمداش بول، كېسەل بولۇپ قالغاندا شىپاكار بول، بېشىغا كۈن چۈشكەندە، جانغا جان قوشقۇچى بول، ئۆلۈم خەۋپى كەلگەندە، ئۆزۈڭنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرغۇچى ئادەم بول، چۈنكى ئۆز ۋۇجۇدىنى كىشىگە تەقدىم قىلىش ئەڭ چوڭ سېخىيلىقتۇر، دوست ـ ئاغىنەڭ دۈشمىنىڭگە بويسۇنسا، ئۇ دۈشمەنلىككە شېرىكلەشكەن بولىدۇ.

ئەگەر سەن دوست ـ ئاغىنەڭگە ۋاپادارمەن دېسەڭ، تۆۋەندىكى «ئىككى ۋاپادار دوستنىڭ ھېكايىسى»گە سېلىشتۇرۇپ كۆرگىن، بېشىڭغا شۇنداق كۈنلەر كەلسە، سەنمۇ دوست ـ ئاغىنەڭگە شۇنداق قىلالامسەن؟

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا قۇدرەتلىك شاھ ئەمىر تېمۇر كوراگان ئەتراپىدىكى جايلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا ھىندى دىيارىدا قاتتىق جەڭ بوپتۇ، دەۋران غەلىبە نۇسرەتنى ئۇنىڭغا يار قىلىپ دۈشمەنلىرىنىڭ باغرىنى تىلىپتۇ. شاھ: «قەتلى قىلىنسۇن» دەپ يارلىق قىپتۇ. ھەر كىشى ئۆز ئالدىغا قىرغىن قىلىپ، كېسىلگەن باشلار سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپتۇ. پۈتكۈل دەشتنى جەسەت قاپلاپ، قانلار دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ. ھەممە تەرەپتە ئۆتكۈر قىلىچلار يالتىراپ گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك بوپتۇ.

جەڭ بولۇۋاتقان شۇ مەھەلدە ئىككى بىچارە دوست قىرغىنىغا دۇچ كەپتۇ ـ دە، بىر نۆكەر ئۇلارنىڭ بىرىنى چاپماق ئۈچۈن قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپتۇ. ئۆز دوستىنى قىلىچ ئاستىدا كۆرگەن دوستى بېشىنى قىلىچ ئاستىغا سۇنۇپ:

— ئەگەر ساڭا باش كېرەك بولسا، ئۇنى چاپما، مانا بۇ باش ئۇنىڭغا ئەرزىيدۇ، — دەپ نۆكەرگە ئىلتىماس قىپتۇ. نۆكەر بۇرۇلۇپ قارىسا، ئۇنىڭ دوستىمۇ ئاشۇ سۆزنى تەكرارلاپتۇ. قايسىسىنى چاپاي دېسە، ئۇلارنىڭ يەنە بىرى قاتىلنىڭ قىلىچى ئاستىغا باش قويۇپتۇ. نۆكەر غەزەپلىنىپ ئىككىلىسىنى چاپماق بوپتۇ. ئۇ بۇ ئىككىيلەننىڭ قايسىسىغا يۈزلەنسە، يەنە بىرى تاقەتسىزلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ.

— ئاۋۋال مېنى چاپ، مەن كۆزۈمنى يۇمغۇچە ئۇ تىرىك تۇرسۇن!

شۇ يوسۇندا ئۇلار ئۆز دوستىنىڭ بىر دەملىك ھاياتى ئۈچۈن بېشىدىن كېچىپ، بويىنىغا چۈشىدىغان قىلىچنى تالىشىپتۇ.

ئارىدا خېلى ۋاقىت تالاش ـ تارتىش بوپتۇ. بۇنى كۆرگەنلەر ئارىسىدا غوۋغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئىككى دوستنىڭ بىر ـ بىرى ئۈچۈن ئۆز جېنىدىن كەچكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان شاھ تەسىرلىنىپ ئۇلارنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ۋاپا ۋە ساداقەتنىڭ



www.uyghurkitap.com

خاسـىيـتىدىن ئـۇلار ئـۆلۈمدىن قۇتۇلۇپـتۇ ھـەم خـەلق قىرغىنچىلىقتىن خالاس بوپتۇ.

يەنە شۇنىڭغا ئوخشايدىغانراق بىر رىۋايەت بار. ئۇنىڭدا شۇنداق قىرغىنچىلىقتىن بىر دوست قېچىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، يەنە بىر دوست تۇتقۇنغا چۈشۈپ قاپتۇ. قۇتۇلغان دوست دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندا، تۇتقۇندىكى دوستىنىڭ قىيناققا چىدىماي ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇتۇلغان دوستىمۇ ئەلدىن رازىلىق ئېلىپ، قايتىدىن زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. «دوستۇمنى قويۇۋەت، مەن سېنىڭ ئالدىڭغا شۇنىڭ ئۈچۈن كەلدىم» دەپتۇ ئۇ.«ئۇنداقتا دوستۇڭنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، بىر نەرسە تۆلىشىڭ كېرەك» دەپتۇ پادىشاھ. «بىراق، مېنىڭ بايلىقىم يوق» دەپتۇ يىگىت. «ئىككى كۆزۈڭچۇ؟ ئۇ بايلىق ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ زالىم شاھ. يىگىت قىلچە ئىككىلەنمەستىن: «بوپتۇ شاھ، ئىككى كۆزۈمنى ئويۇۋېلىپ دوستۇمنى قويۇۋېتىدىغان ئىش بولسا، مەن رازى» دەپتۇ يىگىت. شاھ يىگىتنىڭ كۆزىنى ئويۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. بۇيرۇق ئورۇندالغاندىن كېيىن، دوستىنى ئېلىپ چىقىپ دوستىغا ھاپاش قىلىپ قويۇپتۇ. چۈنكى، بۇ دوستىنىڭ ئىككى پۇتى بىراقلا چېقىۋېتىلگەن ئىكەن. كۆزى ئويۇلغان دوست ئىككى پۇتى چېقىلغان دوستىنى ھاپاش قىلغان ھالدا شەھەردىن ئايرىلىپتۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە

بىر - بىرىنى يۇدۇپ، پۇتى بار پۇتى يوقنى تولۇقلاپ، كۆزى بار كۆزى يوققا كۆز بولۇپ، شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ، دوستلۇققا مەدھىيە ئوقۇپ، كىشىلەرنى دوستلۇقنى قەدىرلەشكە ئۈندەپ، ئەل ئارىسىدا كۆپ داستانلارنى يارىتىپتۇ.

بالام، بۇ مىسالنى كەلتۈرۈشتىكى مەقسەت، ئەگەر دوست - ئاغىنە تۇتمەن دېسەڭ، ۋاپادار بول، ئەگەر دوست - ئاغىنە بولمەن دېسەڭمۇ ۋاپادار بول. ھەرگىزمۇ زەمەھشەرى ھەزرەت ئاگاھلاندۇرغاندەك قىياپەتكە كىرىپ قالما: «باشقا ئېغىرچىلىق چۈشكەندە باشقىلارغا يېقىنچىلىق قىلىسىلەر، نېمەت - بايلىققا ئېرىشكەندە يېقىن كىشىلىرىڭلارنىمۇ تاشلايسىلەر.» بۇ ئەلۋەتتە دوستلۇق ئەمەس، سودا مۇناسىۋەتتۇر. مۇنداق سودا، نەپ يەتكۈزۈشنى شەرت قىلغان قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتكە ھەرگىز ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن ۋاپا كۈتكىلىمۇ بولمايدۇ ھەم مۇنداق مۇناسىۋەت سەمىمىيلىك ئۈستىگە قۇرۇلمىغاچقا ئاسانلا دۈشمەنلىك، خىيانەت، ۋاپاسىزلىق، تۈزكورلۇققا ئايلىنىپ ئاداۋەت ئۇرۇقلىرىنى تېرىپ قويىدۇ.

دوست - ئاغىنىگە سەمىمىي، ساداقەتمەن بول، دوستلۇقنى قەدىرلە. دوستۇڭنىڭ ساڭا ئىشىنىپ ئېيتقان سىر - ئەسرارلىرىنى ساقلا. ئارقىسىدىن غەيۋەت - شىكايەت قىلما. ئىچكى سىرىنى بىلىشكە ئۇرۇنما. كەينىدىن ياخشى ئىشلىرىنى تىلغا ئال، تەشۋىق قىل. يامان

كىيىنى قىلغۇچىلارغا سۆكۈت قىلما، دوست ـ ئاغىنەڭگە يالغان سۆزلىمە. دوست ـ ئاغىنەڭنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى ئەپۇ قىل. ئەيىبلىرىنى ياپ. كەمچىلىكلىرىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېيتىپ رەسۋا قىلما، ئادەم يوق جايدا نەسىھەت قىل. دوستۇڭنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا مېھرىبان، شەپقەتلىك بول. دوست ـ ئاغىنىگە ساداقەتمەن بولۇش ھەققىدە بىر ھەكىم مۇنداق دېگەن: «ھەقىقىي دوستلار بىر ـ بىرىنى ھۆرمەتلەيدۇ، قەدىرلەيدۇ، دوستىنىڭ ياخشى كىيىنى قىلىدۇ. يامان كىيىنى قىلغانلارنى كۆرگەندە دەرھال رەددىيە بېرىدۇ. دۇنيادا ئىنسانغا ئەڭ مۇھىم نەرسە ئىخلاسمەن دوستتىن ئىبارەت.»

كېرەكلىك نەرسەڭنى دوستۇڭدىن ئايىما. دوستۇڭ ئېھتىياج تۇپەيلى سەندىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلسا جان دەپ بەرگىن. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ، دوستلۇققا يارىمىغان بولىسەن. دوست ـ ئاغىنەڭنىڭ مال ـ دۇنياسىدىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنما. دوستلۇق ـ ئاغىنىدارچىلىقتا پايدىغا ئېرىشىش كۆزدە تۇتۇلسا، بۇنداق دوستلۇق ھەقىقىي دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىق بولماي قالىدۇ.

بالام، دوستلۇق ئىنسان چەتنەپ ئۆتەلمەيدىغان ساھەدۇر. بۇ ھەقتە يەنە ئازراق سۆزلىرىمنى ئاڭلىغايسەن. ئىككى يۈزلىمىچى، مۇناپىق ئادەملەر بىلەن

دوستلىششتىن، ئاغىنىدارچىلىق قىلىشتىن ساقلانغىن. بۇنداق ئادەملەر مەلۇم مەقسەتتە، ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئۆزىنى پەردازلاپ كۆرسىتىپ، سەن بىلەن ھەقىقىي دوستلار قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ. بۇنداقلارنى پەرق ئەتمەك قىيىن. بۇنداقلار ئۆزلىرى تەمە قىلىدىغان مەرتىۋىسىنى، ئېرىشمەكچى بولغان پايدىسىنى تاپقۇچە بولغان ئارىلىقتا دوست ـ ئاغىنە بولۇپ، سەن بىلەن بىر نىيەتتە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما، مەقسىتى ھاسىل بولغاندىن كېيىنلا دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىقنى تاشلاپ، ئۆز ھالىدىن يۇقىرى مەرتىۋىگە، مال ـ دۇنياغا يېتىشىنىڭ تەمەنناسىنى قىلىدۇ. شۇڭا بالام، بۇنداق مىجەزلىك، پاسىق تەبىئەتلىك كىشىلەردىن نېرى تۇر.

بالام، بىلگىنىكى، نادان كىشىلەر بىلەن دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىق قىلىشتىن ساقلانغىن، گەرچە ئۇ ساڭا ساداقەتمەن بولسىمۇ، دوستلۇق، ئاغىنىدارچىلىقتا يەتكۈزىدىغان پايدىسىدىن ساڭا كەلتۈرىدىغان زىيىنى كۆپ بولىدۇ. ئۇ ھالدا سەن پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىسەن.

شۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى، يۇقىرىقىدەك شەرتلەرگە چۈشىدىغان دوست ـ ئاغىنىلەرنى تېپىش ئۇنچىۋالا ئوڭاي ئەمەس. يەنە كېلىپ دوست ـ ئاغىنىلەر ئادەتتە ئۆزئارا يول قويۇشۇپ ئۆتۈشىدۇ. باشقىلارغا ياقمايدىغان تەرەپلىرىنى ئىلاج بار يوشۇرىدۇ. گەرچە سەن بىر نەچچە يىل ئارىلاشقان

دوست ـ ئاغىنىلەردىن بولساڭمۇ، ئاراڭلاردىكى ھېسسىياتنى تامامەن، مەڭگۇ چۈشىنىپ كېتەلمەيسەن. چۈنكى ئادەم بارلىق جانلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ جانلىق.

دوست ـ ئاغىنەڭ ساڭا: «مەن سېنىڭ غۇرۇرلۇق ئىكەنلىكىڭنى ياقتۇرىمەن»، «سېنىڭ كېيىنىپ يۈرۈشلىرىڭگە ھەۋەس قىلىمەن»، «مەن سەن بىلەن قىيامەتلىك ئاغىنە، ئۆلۈمدىمۇ، كۆرۈمدىمۇ بىللە بولىمەن» دېيىشى مۇمكىن. بۇ بەلكىم دوست ـ ئاغىنەڭنىڭ يۈرەك سۆزىدۇر. ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ. زەمەھشەرى ھەزرەت «سىلەر ئاغرىق ـ سىلاقتىن خالىي بولغان ۋە بېشىڭلارغا قايغۇ ـ مۇسىبەت چۈشمىگەن چاغدىلا بىر ـ بىرىڭلارغا دوست ـ قەدىرلىكسىلەر» دېگەنىكەن. دوست ـ بۇرادەرلەرنىڭ ۋاپا ـ ساداقىتىنى باشقا ئېغىر كۈن چۈشمىگۈچە بىلگىلى بولماس. ئاشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغان، يۈزسىزلىك قىلغان ياكى مۇناپىقلىق قىلغانلارنىمۇ يەنە دوست ـ بۇرادىرىم دەپ بىلەمسەن؟ «ئەگەر بۇرادىرىڭ ساڭا خىيانەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئىسمىنى قىرىپ تاشلا، ئۇنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىن ساقلان.» مانا بۇ زەمەھشەرى ھەزرىتىمىنىڭ نەسىھىتى. چۈنكى «ئىچى تارنىڭ ئىچىدە توڭگۇز قاترايدۇ» دېگەندەكلا ۋاپاسىز، دوستلۇققا نىسبەتەن ئەقىدە ـ ئېتىقادى دۇرۇس بولمىغان

كىشىدىن ئارتۇقچە ياخشىلىق، ساداقەت ۋە ياكى ھەقەمسايىلىق مېھرى كۈتۈش ئارتۇقچە.

شۇنداق بالام، دوست بولغىن، دوست تۇتقىن. ئەمما دوستلۇقنى قەدىرلىگىن، دوستلۇققا ئەھمىيەت بەرگىن. زەمەھشەرى ھەزرىتىم دېگەندەك «قېرىنداشلىقنى ئىپاردىنمۇ خۇش پۇراق سۆزلەر بىلەن ياد قىل. گەرچە ئۇ سەندىن يىراق شەھەردە تۇرسىمۇ.» يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغانلارنى ئېسىڭدىن چىقارمىغىن. ھەقىقىي دوستلۇققا ئېرىشكەن ئادەم بەخت تاپىدۇ. دوستلۇقتا مەغلۇپ بولغان ئادەمنىڭ ھەممە ئىشى كەينىگە ماڭىدۇ. چۈنكى «ئاگاھ بولۇڭلاركى، ۋاپادار ئادەملەرنىڭ يوق بولۇشى ئالىيجاناب كىشى ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ قاتتىقراقتۇر.» بىز ئۈچۈن سەممىي، ئەقىدىلىك دوست ـ بۇرادەرلەر ھەممىدىن چوڭ تەسەللى، بايلىق، يۆلەك، كۆڭۈل ئاۋۇندۇرغۇچى بەختتۇر. شۇ تۈپەيلى بالام، «دوست ـ بۇرادەرلىرىڭنىڭ سۆزىنى سۈكۈت قىلىپ، ھۆرمەت بىلەن ئاڭلا، دىققەت ـ ئېتىبارسىز قالدۇرۇشتىن ساقلان.» «سىنالغان كىشى بىلەن بەس ـ مۇنازىرە، تالاش ـ تارتىش قىلىشتىن ساقلان، گەرچە ساڭا شۇنداق قىلىشقا پەتىۋا بېرىلگەن تەقدىردىمۇ.»

زەمەھشەرى ھەزرىتىمنىڭ دوستلۇق، ۋاپا ھەققىدە سۆزلىگەن قىممەتلىك نەسىھەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ دوستلۇق، دوست تۇتۇشتىكى ئەدەپ ـ قائىدىلەر ھەققىدە

بىر مۇنچە سۆزلىدىم، بالام. مەقسىتىم، ھاياتلىقتا بىز ھەر دائىم يۇلۇقۇپ تۇرىدىغان بۇ نازۇك، مۇرەككەپ مۇناسىۋەت ھەققىدە سېنى ياخشىراق ساۋاتقا ئىگە قىلىپ قويۇش. سەن ياخشى دوستلار بىلەن دىدار ـ مۇلاقەتتە، ۋاپا ـ ئەھدىدە بىرگە بولۇپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ۋە بىر ـ بىرىڭلارغا ھەمقام بولۇپ بۇ ھايات سەپىرىنى بىرگىلىكتە بېسىپ ئۆتسەڭلار، سىلەرمۇ مەمنۇن بىزمۇ ھەم خاتىرجەممىز. مۇشكۇللىرىمىز ئاسان، يىراقىمىز يېقىن بولغۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# ئىلىم ۋە ئالىملارنىڭ بايانىدا

بالام، ئەمدى ساڭا ئىلىم ھەققىدە، ئىلىملىك كىشىلەرنىڭ پەزىلىتى ۋە ئورنى، ئىلىملىك كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە سۆزلەپ بېرەي. بۇ سۆزلىرىمىزمۇ ھەم يەنىلا زەمەخشەرى ھەزرەتنىڭ «جۇشقۇن سۆزلەر»ىنىڭ روھى - مەزمۇنى بىلەن سۇغىرىلغان.

«ئالىملارغا تايان ياكى ئۇلاردىن پايدىلان.»

مانا بۇ بۈيۈك ئەللامە زەمەخشەرى ھەزرەتنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان نەسىھەتى. مەيلى قانداق ئىش قىلما، ئىلىملىك، پەزىلەتلىك، ئەقىلدە سەندىن يۇقىرىلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە تايان ۋە شۇلارنىڭ دانا ئەقىل - كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىل. ھەرگىزمۇ نادانلارچە، ئۆز مەيلىڭچە قارار چىقارما. بىر ئادەم قانچىكى بىلىملىك كىشىلەر بىلەن دەرقەمتە بولغانسېرى نەزەر دائىرىسى شۇنچە ئېچىلىدۇ ۋە مەسىلىلەرگە تېخىمۇ ئەتراپلىق، سوغۇق قانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋالالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سەممىمي بولمىقىڭ زۆرۈردۇر، بالام. ئىلىمگە، ئىلىم ئەھلىگە كۆرەڭلىك،

مۇغەمبەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئىلىم ھېچقاچان نوپۇزغا، ھەيۋىگە، كۆرەڭلىككە بويسۇنمايدۇ. ئۇ پەقەت سەممىيلىكنىڭ دوستى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىلىم ئالاي دېسەڭ، بىلمىگەنلىرىڭگە ئىقرار بول، سەممىيلىك بىلەن ئۆگەن، باشقىلاردىن مەسلىھەت سورا. ھەرگىزمۇ نومۇس قىلىدىغان، ئۇيىلىدىغان ئىشنى قىلما. بىزدە «سوراپ ـ سوراپ بىلىم ئاپتۇ، ئۇيىلىپ ـ ئۇيىلىپ كېيىن قاپتۇ» دەيدىغان ھېكمەت بار.

ئىنسانىنىڭ بۇ ئالەمدە ھەممىلا نەرسىنى بىلىپ، چۈشىنىپ كېتەلىشى ناتايىن. دېمەككى، سەن بىلمەيدىغان، دەماللىققا ھېس قىلىپ يېتەلمەيدىغان نەرسىلەر دائىملا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ھەرگىزمۇ ساختا بىلەرمەنلىك قىلمىغايسەن، بەلكى تەۋەنچىلىك بىلەن بىلمەيدىغانلىقىڭنى تەن ئېلىپ بىلىدىغانلاردىن سورىغايسەن.

ھەقىقەتەنمۇ بىلمەسلىك نومۇس قىلىدىغان، ئۇيىلىدىغان ئىش ئەمەس، بالام. ئەمما ئەڭ نومۇسلۇق ئىش يالغاندىن بىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىش، ئەڭ خەتەرلىكى سوراپ ئۆگەنمەسلىكتۇر.

ئۇيالما، سورىغىن، ئۆگەنگىن، تەكەببۇرلۇق قىلىپ كەينىدە قالغاندىن، كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ ئالغا باسقان مىڭ ئەۋزەل.

ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىشتا كەمتەرلىك ئىنتايىن پايدىلىق، ياخشى خىسلەت، بالام. يەنى سەن ئۆزۈڭنىڭ

بىلمەيدىغان تەرەپلىرىڭنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىقرار قىلالىغىنىڭدا ۋە ئۇنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئاكتىپ كۈچ چىقىرالىغىنىڭدا، ئاندىن تېخىمۇ يۇقىرى پەللىلەرگە ئۆرلىيەلەيسەن.

ئاز - تولا نەرسە ئۆگىنىۋېلىپلا ئۆزىنى چوڭ چاغلاش، ھەتتا بىلمىسىمۇ بىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىش ساختا بىلىمدارلىقتۇر. شۈبھىسىزكى، ساختا بىلىمدارلىق ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، ئۇ سېنى مۇغەمبەر قىلىپ، بارا - بارا چاكىنا، تۇتۇرۇقسىز، مەنمەنچى قىلىۋېتىدۇ، شۇڭا ئۆزۈڭنىڭ بىلىدىغانلىرىڭنى سەممىيلىك بىلەن ئىقرار قىل ۋە ئۇنى ئۇزلۇكسىز تاكامۇللاشتۇر، كەمتەرلىك ئىلىم ئىزدەشتە ھازىرلاشقا تېگىشلىك مۇھىم پەزىلەت. شۇڭىمۇ بىزدە «ئالىم بولۇشتىن ئادەم بولۇش قىيىن» دەيدىغان گەپ بار.

ئەي بالام، بۇ يەردە ئىلىم بىلەن پەزىلەتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق توختىلىش زۆرۈردۇر. ئىلىم - مەكتەپلەردە، خەلق ئارىسىدا، كۇتۇپخانىلاردا، كىتابلاردىن ئۆگىنىدىغان نەرسە. ئىلىم ئۆلۈك نەرسە ئەمەس، بەلكى جانلىق نەرسە. پەزىلەتنىچۇ؟ پەزىلەتنى، ئەدەپنى، كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، دۇنياغا قانداق قاراشنى ئاتا - ئانىڭدىن، ئۇستازلاردىن، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئۆگىنىسەن ھەم ئۆز ئەمەلىيىتىڭدە، ھەر بىر قەدىمىڭدە ئىپادىلەپ ماڭىسەن. ئىلىم باشقا گەپتۇر، پەزىلەت باشقا. ئىلىملىك ئادەمنىڭ ھەممىسىنىڭ

پەزىلەتلىك بولۇپ كېتىشى ناتايىن.
بىز ئىلىم - بىلىم قاتتىق تەكىتلىنىۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتىمىز. ھەقىقەتەنمۇ بىلىم ئىنتايىن مۇھىم، ئەمما بىلىم ئۆگىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئادەم بولۇش، يەنى پەزىلەتلىك ئىنسان بولۇش ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىشتۇر. ئۆگىنىپ ئالىم بولغىلى بولىدۇ، ئەمما ئۆگىنىپ ئادەم بولۇش بەك قىيىن. شۇڭا ھازىردىن باشلاپ پەزىلەتنى، ئەخلاقنى، ئەدەپنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل. چۈنكى ئىنسان يامان ئىش - ھەرىكەتلەردىن ئامالىنىڭ بارىچە نېرى تۇرىدۇ. قانچىلىك بىلسە ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئەمەل قىلىدۇ.
ئىلىمنى ئۆگىنىپ، ئىگىلەپلا قويۇپ، ئۇنى ئەمەلىيىتىڭگە تەتبىقلىيالمايدىغان، ياخشى ئىلىم ئۆگەنسەڭمۇ ھەرىكىتىڭدە يامانلىق چىقىپ تۇرىدىغان پەزىلەتسىز ئىلىم ئىگىسى بولۇپ قېلىشتىن ساقلان. ئىلىم ئەھلىنىڭ ھەربىر سۆز، قىلىق - ھەرىكىتىمۇ كىشىلەرگە تەسىر قىلىپ ماڭىدۇ. ئۇسال، چاكىنا، قەبىھ قىلىق - ئادەتلىرىڭ بىلەن كىشىلەرنى يىرگەندۈرۈپ قويۇشتىن، ھەتتا باشقىلارغا ناچار تەسىر بېرىپ قويۇشتىن ساقلان. ئىلىم ئەھلىنىڭ ناچار پەزىلىتى ھەتتا ئىلىمنىڭ نوپۇزىغىمۇ يامان تەسىر كۆرسىتىۋېتىدۇ. ئۆزۈڭنىڭ پەسكەشلىكى بىلەن باشقا ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ۋە ھەتتا ئىلىمنىڭمۇ نوپۇز - تەسىرىنى يەرگە ئۇرما.
زەمەھشەرى ھەزرەت «سودىگەرنىڭ يۈز - ئابرۇيى يانچۇقىدا، ئالىمنىڭ يۈز - ئابرۇيى كىتابلىرىدا» دەيدۇ. توغرا، ئالىمنىڭ ئىلمىدىن كېلىدىغان نوپۇزى، ھۆرمىتى

ۋە قىممىتى ئۇنىڭ كىتابىدا، كاللىسىدا ئىگىلىگەن ئىلىمدە. لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتى ۋە تەسىر - نوپۇزى يالغۇز ئۇ بىلىدىغان ئىلىمدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدە، ئۆزى بىلگەن ئىلىمنى قانچىلىك قانداق ئىشلىتىشىدە. ئۆز ئىلمى بىلەن ئىنسانلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بىر ئالىمنىڭ ھۆرمىتى قانداق بولىدۇ؟ بۇمۇ ئىلىم بىلەن ئادىمىيلىك، بىلىم بىلەن پەزىلەت ئارىسىدا جەزمەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇناسىۋەت، بالام. بۇنىڭغا ئوبدان دىققەت قىلغۇلۇق.

«كۆيدۈرۈشنى بىلسەڭ مۇزمۇ كۆيەر» دەيدۇ كونىلار. يەنى سەندە پاراسەت، ئىلىم بولسا ئاندىن بۇنداق مەقامغا يېتەلەيسەن. «بىلىملىكنىڭ كۆڭلى گۈلىستان، بىلىمسىزنىڭ كۆڭلى گۆرىستان.» بىلىمسىز ئىنساننىڭ قەلب - ۋۇجۇدى خۇددى زۇلمەت كېچىگە ئوخشاشلا قاپقاراڭغۇ بولىدۇ. ئىنسان پەقەت ئۆز ئىلمى ۋە پەزىلىتى ئارقىلىقلا ھاياتتا خارلىقتا قالماي ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. توختاۋسىز ئىزدەن، ئىلىم ئال، سەن ئۆگىنىدىغان، ئىگىلەيدىغان، مۇشۇ ياش، كىچىك چېغىڭدا، ئەقلىڭ، زېھنىڭنىڭ ئوچۇق چېغىدا ئۆگىنىۋالىدىغان ئىلىم - بىلىملەر ئىنتايىن كۆپ ۋە ھەددى - ھېسابسىزدۇر. ئىلىمنىڭ پايانى يوق. ئەمما ئۆمۈرنىڭ چېكى بار. شۇڭا ھەر بىر مىنۇت ۋاقتىڭنىمۇ بىكار ئۆتكۈزمىگەيسەن، ئىلىم ئالغايسەن. ئىلىملىك ئادەم ھەر زاماندا، ھەر ماكاندا كىشىلەرگە ياخشىلىق

يەتكۈزەلەيدۇ ۋە كاتتا ئىززەت تاپىدۇ. ئىلىمسىز ئادەمنى ھېچكىم كۆزگە ئىلماس ھەم ئۇنىڭ ھاياتىدىنمۇ كىشىنى مەمنۇن قىلغۇدەك ھېچبىر مەنە چىقماس. ھاياتىڭنى ئىلىم بىلەن بېزە. مانا بۇ ئەڭ ئاقىلانە تاللاش. لېكىن بىزدە «تېرىق تېرار ھەر كىشى، يىغىۋالار بىر كىشى» دەيدىغان گەپ بار. ھەممىلا ئادەم بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن نىجاتلىق ئىزدەيدۇ، ياخشىلىق ئىزدەيدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى تىلەيدۇ. ئىلىم ئىگىلەشنى ئويلايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەقسىتىگە يېتەلەيدىغانلىرى تولىمۇ ئاز. نېمە ئۈچۈن؟

جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن نەپ ئېلىشقا دۇرۇس نىيەت، بوشاشماس ئىرادە، ئۆتكۈر پاراسەت كېرەك. نىيىتىڭ دۇرۇس بولمىسا ھە دېسىلا يامان ئىشلارغا قېتىلىپ قالىسەن ياكى ھەقىقىي مەنىلىك ياشاشنىڭ توغرا يولىنى تاپالمايسەن، ھەتتا ئەۋرەزنىمۇ شەربەت بىلىپ قالىسەن. ئىرادەڭ مۇستەھكەم بولمىسا ئوڭايلا ھېرىپ قالىسەن. ئۆزۈڭ نىيەت قىلغان مەنزىلگىچە يېتىپ بارالمايسەن. ئىلمىڭ، پاراستىڭ يېتەرلىك بولمىسا نەتىجە ھاسىل قىلالمايسەن. بىلىم ئۈچۈن نىيەتلا ئەمەس، بوشاشماس ئىرادە ۋە قەيسەر روھ كېرەك. ئاز-تولا قىيىنچىلىقنى كۆرۈپلا ئىرادىسىدىن يالتىيىۋالىدىغان بېلى بوشلار ئىلىمنىڭ يۈكسەك پەللىلىرىگە چىقالمايدۇ.

ئادەمنىڭ بىلىمى دۆلەت. زەمەھشەرى ھەزرەت

بىلىمنىڭ قىممىتى ۋە سۈپىتىنى مۇنداق تەرىپلەيدۇ: «يەرنىڭ زىننىتى ئالىملار بىلەن، ئاسماننىڭ زىننىتى يۇلتۇزلار بىلەن.» ھەقىقەتەنمۇ ئىلىملىك كىشىلەر بىز ئۈچۈن كاتتا نېمەتتۇر. بىر توپ، جامائە ئىچىدە ئىلىملىكلەر قانچىكى كۆپ بولسا، بۇ توپنىڭ ئابرۇي ـ ئىناۋىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، بۇ جامائە ئىچىدە ئىلىمنىڭ ھۆرمىتى، ئىلىمگە ئىنتىلىدىغانلار شۇنچە نۇرغۇن بولىدۇ. ئىلىمسىز نادانلار قانچىكى كۆپ جايدا تەپرىقىچىلىق، چېقىمچىلىق، ئىناقسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق شۇنچە كۆپ بولىدۇ ۋە جەمئىيەتنى پىتنە ـ پاسات، جېدەل ـ ماجىرا، بۇزغۇنچىلىق قاپلاپ كېتىدۇ. بالام، كىشىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قارىماي ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە، قىلىپ يۈرگەن ئىشىغا، پەزىلىتىگە زەن سال. كۆرىسەنكى، شۇ قەدەر چىرايلىق، سۆلەتلىك كىيىنىۋالغان، يوغان ـ يوغان گەپلەرنى قىلىپ يۈرگەن بەزى ئادەملەرنىڭ بىلىمىنىڭ ھېچقانداق تايىنى يوقلۇقىنى، پەزىلىتىنىڭ ناچارلىقىنى بايقايسەن. بۇنىڭدىن يامان تەسىر ئالما، بالام. ئىنسان ئوخشاش ئەمەس، بىز بىلىمنى، ئەدەپنى نەدىن ئۆگىنىمىز؟ بىلىمسىزدىن، ئەدەپسىزدىن ئىبرەت ئال.

ھەقىقىي زىننەت، سۆلەت كىيىمدە ئەمەس، بىلىمدە، بالام. ياسىنىش، تارىنىشقىلا ئېتىبار بېرىپ، بىلىم ئېلىشقا سەل قارايدىغان ئىشنى قىلما. تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال سۆلەتۋازلاردىن بولۇپ قالما. بىلىم ئال،



www.uyghurkitap.com

ھەقىقىي بايلىق ــ بىلىم ـ پەزىلەت، ھەقىقىي كۈچ ـ قۇدرەت ــ ئىلىم ـ بىلىم.
قارىغىنىكى زەمەھشەرى ھەزرەت مۇنداق دەيدۇ: «بىئەقىل نادانلارنىڭ بىمەنە سۆزلىرىنى دانىشمەن ئادەملەر سۇندۇرۇپ تاشلايدۇ. خۇددى يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى سۇ ئۆچۈرگىنىدەك.» ھەقىقەتەنمۇ بىلىملىك ئادەملەرنىڭ كۆپ بولۇشى ئەخلاقسىزلىق، نادانلىق، ئاڭقاۋلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يامان نەتىجىلەرنى ئازايتالايدۇ. «ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلىرى بىلىمسىز نادانلارنىڭ كىبىرىنى يەرگە ئۇرىدۇ.» ئالىملار قانچىكى ئاكتىپ، جانلىق، پائالىيەتچان ۋە شەخسىيەتسىز ھالدا جامائەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ، پىكىر قاتناشتۇرۇپ تۇرسا، پەزىلەتسىز بەچچىغەرلەر يامانلىق قىلىدىغان يەر تاپالماي قالىدۇ، ئۇلارنى ئەيىبلەيدىغانلار كۆپ بولىدۇ. يەنى «ئالىم ئەستە تۇرىدۇ، زالىم پەستە». نەتىجىدە يامانلىق ئازىيىپ ياخشىلىق، ئىلىم، ھەقىقەت كېڭىيىدۇ، راۋاج تاپىدۇ.
بالام، بىلىم ئالەمنى ئاۋات قىلار، مېھنەت تۇرمۇشنى ئاۋات قىلار. ئۆگەن، تىرىش، بىلىم ئال دەۋەردۇق، بالام. سەنمۇ ئۇستازلىرىڭ نېمە ئۆگەتسە ئۆگىنىۋەردىڭ، سومكاڭ دەرسلىككە، كاللاڭ نەزەرىيىلەرگە لىق توشتى. خوش، ئۆگەنگەنلىرىڭ بىلەن نېمە قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە ئويلاپ باقتىڭمۇ؟
ھەر قانداق ئىلىم بىر ئاچقۇچ، بالام. ئۇنىڭ بىلەن

www.uyghurkitap.com

جەزمەن مەلۇم بىر قۇلۇپ، يەنى بىرنىڭ ھاياتلىق سەپىرىمىزدە ئۇچرىشى مۇمكىن بولغان مەلۇم بىر قىيىن مەسىلىنىڭ قۇلۇپى ئېچىلىدۇ. ئەمما سەن ئۇزلۇكسىز ئۆگىنىۋاتقان ئاشۇ ئىلىم ـ ئاچقۇچلار بىلەن قايسى قۇلۇپنى ياكى قايسى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىشنى بىلەمسەن؟

بىلىپ، بايقاپ ئۆگەن، بالام. ئۆگىنىۋاتقىنىڭ بىلەن قانداق ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر كۆزەت ھەمدە ئۇنى دەرھال ئەمەلىيىتىڭگە تەتبىقلا. ئۆگىنىپ قويغان بىلەن ھېساب ئەمەس. بىلىمنىڭ ئۆزى بايلىق ئەمەس، بىلىمنىڭ ئۆزى بەخت ياراتمايدۇ، دۇنيانى ئاۋات قىلمايدۇ، بەلكى بىلىمنىڭ ئىشلىتىلىشى ئاندىن بەخت يارىتىدۇ. دۇنيانى ئاۋات قىلىدۇ. بىلىمنى ئىشلەت. ئۆگەنگىنىڭ كاللاڭدا سېسىپ قالسا تۆگەپ كەتسە سەنمۇ خورلۇقتا تۆگەيسەن. ئۇ چاغدا «ئەقىلسىز باشنىڭ دەردىنى پۇت تارتىدۇ» دېگەن گەپ راستقا ئايلىنىدۇ. قارىغىنكى، ئەقىل ئىنسانغا ئاتا قىلىنغان ئەڭ كاتتا بايلىق، بالام. قارىغىنكى، ھايۋاندا، ئۆسۈملۈكلەردە، تاغلاردا، باغلاردا تەبىئەتنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بار، ئەمما ئۇلاردا ئىنساندا بار ئەقىل ـ ئاڭ يوق، ئىنسان ئەقلى بىلەن كاتتا ۋە ئۇلۇغدۇر.

ئەقلىڭنى ئىشلەت. ئەگەر ئىنسان ئۆز ئەقلىنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلمىسە، ئۇ ھايۋانلاردىن پەرقسىز، قەدىرسىز ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۆز ئەقلىنى جايىدا

ئىشلەتمەيدىغان ئادەم ھەممە ئىشتا پالاكەتكە يولۇقىدۇ، ئىشلىرى ئالغا باسمايدۇ ـ دە، خاپىلىقتا، خارلىقتا قالىدۇ.
ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ پايدا ـ زىيىنى ھەققىدە ياخشى ئويلان، بالام ھەمدە ئۇنى قانداق قىلغاندا ئەڭ تېز سۈرئەتتە، ئەڭ يۇقىرى سۈپەتتە تاماملىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلا. ئىش قىلىش، تاماملاشلا ئاقىللىق ئەمەس، ئەڭ تېز ۋە ئەڭ ئاز كۈچ بىلەن يۇقىرى ئۈنۈم يارىتىشنى بىلىش ئاقىل، دانالىق ھېسابلىنىدۇ. ئەقلىڭنى ـ ئاشۇ تۈگىمەس خەزىنىنى ئاچ ۋە زەمەھشەرى ھەزرەت دېگەندەك «ئالىملارنىڭ ئىزىنى باس، دۇنيادا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىسەن.» ئالىملار، ئۆلىمالارنىڭ ئىزىنى باسىدىغان ئەۋلادلار يېڭىدىن يېڭى يېتىشىپ چىقىپ تۇرۇشى كېرەك. ئۆتكەن بىر ئەۋلاد ئالىملارنىڭ كەينىدىن ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان ياش ئىزباسارلارنىڭ بولۇشى بەك مۇھىم. شۇندىلا ئىز ئۈزۈلمەيدۇ. ئەگەردە ئۈزۈلۈش كۆرۈلۈپلا قالىدىكەن، بۇ ئىنىقكى چېكىنىشكە، تۇرغۇنلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. نەتىجىدە يەنە ئىلىمسىزلىك، ئۈمىدسىزلىك، نادانلىق، جاھالەت، قاباھەت باش كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ.
زەمەھشەرى ھەزرەتنىڭ ئەپسۇسىغا قۇلاق سالغىنكى، «ئۆتكەن زامانلاردا ئىلىم ـ پەزىلەت ئىگىلىرى پادىشاھلاردىن ئېغىرلىقى ئۆزى بىلەن تەڭ ئالتۇنلارنى ھەدىيە ئالاتتى. ئەمما زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئالىملارنىڭ قەدرى ـ قىممىتى ئازىيىپ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.» مانا بۇ ئىلىمسىزلىك، ئىلىمگە

قىلىنغان ھاقارەت. بىلىمسىزلىك، ئۆگەنمەسلىك بىر خىل ئىلىمسىزلىك بولسا، ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى قىلىشنى بىلمەسلىك تېخىمۇ ئېغىر ئىلىمسىزلىك، جاھالەتتۇر. ئىلىم ئەھلىنى كۆزگە ئىلماسلىق ئالىملارنىڭ ئىلىم، ھەقىقەت ئۈچۈن سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىدىكى ئىسسىق ھارارەتنى سوغۇتۇۋېتىدۇ، ئۇلارنى ئوڭايلا دەردۇئەلەمگە مۇپتىلا قىلىپ قويىدۇ ـ دە، ئىلىم ئەھلى بىلەن ئاۋام ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت يىراقلىشىپ، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئورتاق مەسىلىلەر نەزەردىن چەتتە قالىدۇ. «بىلىمسىز نادانلارنىڭ يۇقىرى ئورۇنغا چىقىشى، ئالىملارنىڭ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، چۈنكى بەزى چاغدا سۈھەيل يۇلتۇزى جەنۇبىي قۇتۇپتا بولغاندا تۆۋەنگە چۈشۈپ قالىدۇ، ئەمما نە ئائىم دەپ ئاتىلىدىغان ئۈششاق يۇلتۇزلار ئالەمنىڭ ئوق مەركىزىدە تۇرىدۇ.» زەمەخشەرى ھەزرەت ناھايىتى توغرا ئېيتىدۇ. جەمئىيەتنىڭ يېتەكچى كۈچلىرى يەنىلا ئالىم ـ ئەللامىلەر. جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلار، كىشىلەرنىڭ كۆزىنى ئاچىدىغانلار، ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلار يەنىلا ئاشۇ بىر تۈركۈم ئىلىملىكلەر، ئەللامىلاردۇر. يەنە كېلىپ بىز بىلىم كۈچ، ھوقۇق، نوپۇزغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر دەۋردە ياشىماقتىمىز. كىمنىڭ بىلىمى كۈچلۈك بولسا مۇقەررەركى شۇ ئەڭ كۈچلۈك. بىزدە «بىلىكىڭ توم بولسا، دۈشمىنىڭ سالامغا كېلەر» دەيدىغان گەپ بار. بالام، بۇ

دەۋر ئۆيقۇلۇق، ھۇرۇن، بوشاڭ، چۈشكۈن كىشىلەرنىڭ زامانى ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك، جۇشقۇن، روھى كۆتۈرەڭگۈ، تىرىشچان كىشىلەرنىڭ زامانىسىدۇر. كۆرسەنكى، ھۇرۇن، ئالغا ئىنتىلمەس كىشىلەر ھامان غۇربەتچىلىكتە، يوقسۇزلۇقتا ياكى خارلىقتىدۇر.

كۈچلۈك بولۇش سېنىڭ بىلىكىڭنىڭ توم، پاچىقىڭنىڭ مەزمۇت بولۇشىنىلا كۆرسىتەمدۇ؟ ياق، بالام، بۇقىدەك كۈچى بار كىشىلەرنىڭمۇ مەدىكارچىلىق قىلىپ يۈرىدىغىنىنى كۆرسەن. بۇغۇ نومۇس قىلىدىغان ئىش ئەمەس. ئەمما راۋرۇس پۇت تىرەپ تۇرۇش ئۈچۈن بىلەكنىڭ كۈچلۈك بولۇشىلا ئەمەس، بىلىمنىڭمۇ يېتەرلىك، مول بولۇشى بەكلا لازىم، بالام. مول بىلىمگە، كۈچلۈك بىلەككە ئىگە بولساڭ، ئەقىدە ـ ئېتىقادىڭ مەزمۇت بولسا جەزمەنكى سەن ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ باتۇرسەن.

بىلىم ئال، بالام. سەن بىلىمنى نوقۇل ئىش تېپىش ياكى جان بېقىش ۋاستىسى قىلىش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۆنى قەلبىڭنى نورلاندۇرۇپ ساڭا توغرا يول كۆرسىتىدىغان، ساڭا ھەقىقەتنى تونۇتىدىغان ۋاستە مەقسىتىدە ئىگىلە. يەنى ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئىلىم ئال. ئىلىمسىزلىك ئادىمىيلىكتىن يىراقتۇر. ئىلىم ـ ئۇ بىزنى ھەم توغرا يولغا باشلايدۇ، ھەم بۇ دۇنيادا بەختلىك ياشاش شارائىتىغا ئىگە قىلىدۇ. سەن ئوقۇمىغانلارمۇ راۋۇرۇس ياشاۋاتىدىغۇ دەيدىغان گەپنى ھەرگىز قىلما ھەم شۇ تۈپەيلى ئىلىمدىن، ئوقۇشتىن يالتايما. بىزنىڭ

مەۋجۇتلۇقىمىز، قەدىر ـ قىممىتىمىزنى قوغدىغان ھالدا ياشىشىمىز ئۈچۈن ئىلىم ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك مۇھىم بولۇۋاتىدۇ. ئىلىم ئال، ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە، كۈچۈڭنى خار قىل. سەن بېھساب ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن يارىتىلغان ئىنسانسەن. ئاشۇ ئەقىل ـ پاراسىتىڭنى ئىشقا سېلىپ تۈزۈك ياشا. ئىلىم سېنىڭ ئۆمۈرلۈك بايلىقىڭ، ھېچكىم تارتىۋالالمايدىغان مۈلكۈڭدۇر.

# ياخشىلىقنىڭ بايانى

بالام، ئەمدى ساڭا ئەللامە زەمەھشەرىنىڭ چىرايلىق ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرىگە كۆرە ياخشىلىق ھەققىدە سۆزلەپ بەرمەك لازىم. ئۇ كەرەملىك زات ئىنسانىنىڭ ياخشىلىق ئاساسىدىلا ھەقىقىي ئىنسانىي قىممىتىنى تېپىپ ياشىيالايدىغانلىقىنى شەرھلەيدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىغىلا ياخشىلىق ۋە رەھمەتنىڭ تامغىسى بېسىلغان ئىدى. يەنى ئىنسان بىر كاتتا مەرھەمەتنىڭ نۇرى چەشمىلىرى ئاستىدا دۇنياغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا كائىناتتىكى تامامى جاندا مەۋجۇداتتىنمۇ بۈيۈك مەرتىۋە، ئەڭ ئالىي ئامىل ئەقىل ـ ئاڭ سوۋغات قىلىپ بېرىلدى ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىنىش تەلەپ قىلىندى. ھەئە، ئىنساندىن بىردىنبىر تەلەپ قىلىنغان نەرسە ياخشىلىق. ياخشى يولغا ماڭغان، ئىزگۈ ئىش ـ ئەمەللەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتكەن پازىل ئىنسانلار ئەڭ يۇقىرى ئىززەت ۋە ھۆرمەتنىڭ ساھىبخانلىرى بولدى، بولمىسچۇ؟...

ھەئە، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ قايسىسىنى تالّاش ۋە ئۇ يولدا قانداق سۈپەتتە، قانداق ھالدا مېڭىش

بىزنى يا ئەزىز، لەزىز قىلدى ياكى خارۇ زار قىلدى. جاھان ياخشىلارنىڭ ئەزگۈ خىسلەت - پەزىلەتلىرى بىلەن گۈزەللىككە، رەھىم - شەپقەتكە، مېھىر - مۇھەببەتكە ۋە پاكىز ئىنسانىي قېرىنداشلىق تۇيغۇسىغا تولغان بولسا، ئازغۇنلارنىڭ بەتئەخلاقلىقى تۈپەيلى زالالەتكە، جاھالەتكە، گۇمراھلىققا پاتتى ۋە ھەتتا ياخشىلارنىمۇ يەپ كەتتى. توغرا ئىش - ئەمەللەرنىڭ بېشىغا دەسسەپ ئۆيىندى. سالىھ بەندىلەرنىمۇ بىئەپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى. ھەقىقەتەنمۇ، ياخشىلىق ھەقىقىي چۈشەنچە، بىلىشنىڭ ئايدىڭ بولماسلىقى بىزدە چىركىنلىك ئالاقىلىرىنى كۈچەيتىۋېتىپ باردۇ...

بالام، قۇلاق سال، ئۇنداقتا «ياخشىلىق» نېمەدۇر؟ ياخشى يولغا ماڭغان كىشىلەر قانداق كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ؟

بىز ھەر كۈنى ئۇنى - بۇنى ياخشى - يامان دەپ ئايرىپ - باھالاپ تۇرىمىز. ياخشىلىق - يامانلىققا ياتىدىغان ئىش - كۈشلەر بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا ھەر بىر مىنۇت - سېكۇنتتا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ ۋە ئۆز نۆۋىتىدە ھەممىمىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا، مەنپەئىتىمىزگە كۆز قارىشىمىزغا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنداق بولسا ياخشى - يامان ھەققىدە بىزنىڭ بىلىش، تونۇشىمىز قانچىلىك؟ يولدا بىر ئاجىزە ئايالنىڭ يانچۇقىغا قول سالغان كۆتەكتەك بىر ئەرنى ھېچكىم ياخشى دېمەيدۇ. بۇ بىر ئېنىق مەسىلە. ئەمما

ھېچكىمگە پايدىسى ياكى زىيىنى تەگمەيدىغان بىر ياۋاش بەندىنى باھالاڭ دېسە، بىز دەماللىققا ئۇنى ياخشى دەيمىز. لېكىن، ياخشى دېگەن ئىكەن، ئۇنىڭ پەزىلىتىدىن كىشىلەرنى زوقلاندۇرغىدەك ئېسىللىك ۋە دانالىق چىقىشى، كىشىلەرنى قايىل قىلالىشى كېرەككقۇ؟!

يەنە بەزىلەرنى بەزىمىز ياخشى دەيمىز، لېكىن يەنە بەزىلىرىمىز بولسا ناچارغا چىقىرىۋېتىمىز. ئۇنداق بولسا، بۇ يەردە كىم نېمىگە ئاساسلىنىپ ياخشى دەۋاتىدۇ، كىم نېمىگە ئاساسلىنىپ ناچار، يامان دەۋاتىدۇ، بىزدە بىرلىككە كەلگەن ياخشى ـ يامانلىق ئۆلچىمى بارمۇ، يوق؟ ياخشى ـ يامان ھادىسىلەرنى بېكىتىپ ئايرىغان ئېنىق بىر ئۆلچەمنى بېكىتىش زادى مۇمكىنمۇ ـ ئەمەسمۇ؟

بۇ بىر قىيىن مەسىلە. ئىنسان ئوخشىمىغان ئىكەن، ئىنسانلارنىڭ ھېكمەت شەكلى، مۇددىئاسى، ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئوخشىمىغان كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، بىر شەيئى ھەققىدە نەچچە خىل تونۇش ـ بىلىش شەكىللەنگەن. ئەمما ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھەر قانداق نەرسىدە چوقۇمكى ياخشى ـ يامان تەرەپ بولىدۇ. شەيئىلەرنى كۆزىتىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلىرىنى ۋە ھەتتا مەنپەئەت، غەرەز ئارىلاشقان چۈشەنچىلىرىنى ئۇنىڭغا بولغان باھاغا قېتىۋالغاچقا بەزىدە ياخشى نەرسىمۇ يامان نەرسىگە، ھەتتا يامان

ئەرسىمۇ كاتتا، ئېسىل ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. تۆۋەندە بىز بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىمىزنى قويۇپ تۇرۇپ ياخشىلىق - پايدىلىق ھەققىدە ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈپ باقايلى.

ياخشى، ياخشىلىق دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئۆزىدىنلا چىقىپ تۇرۇپتىكى، ئۇ كىشىلەرگە ياقىدىغان، كىشىلەرنىڭ تىل - دىلىغا ھۇزۇر بەخش ئېتكۈچى، كىشىلەرگە پايدا - مەنپەئەت، خۇشاللىق، ياردەم، گۈزەللىك ۋە ئازادىلىك بەرگۈچى ئىش - ئەمەللەرنى ۋە شۇ خىلدىكى ئەزگۈ ئىشلارنى قىلغۇچى كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى ياخشىلىق جەزمەنكى ئۆزگىمۇ ۋە ئىككىنچى بىراۋغىمۇ، ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرگىمۇ، جەمئىيەتكىمۇ مەنپەئەتى يېتىدىغان بولۇشى، ھەرگىزمۇ باشقىلارغا ئەزىيەت يېتىدىغان ئىش بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئالايلى، سەن بىرىگە ياخشىلىق قىلىمەن دەپلا يەنە بىراۋنىڭ دىلىغا ئازار بەرسەڭ ياكى ئۇنىڭ مال - مۈلكىگە چاڭ سالساڭ بۇ ياخشىلىق ھېسابلىنامدۇ؟ يولدا كېتىپ بارغان بىر سائىلنىڭ قورسىقىنى توقلاپ قوياي دەپ ئۇيلاپلا ئۆيۈڭدە بار - يوق بىساتىڭنى ۋە يېمەكلىكىڭنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويساڭ ۋە ھەمدە ئۆيۈڭدىكى خوتۇن - بالىلىرىڭ ئاچ قالسا بۇ ياخشىلىق، ئېھسان، ياردەم ھېسابلىنامدۇ؟ ياخشىلىق سېنىمۇ خۇش قىلىشى، يەنە بىر تەرەپنىمۇ شادلاندۇرۇشى كېرەك. شۇنداقلا كىشىلەردە ئوڭايسىزلىنىش، چىدىماسلىق، ئىچى

ئاداش، پۇشايمان، ئەپسۇسلىنىش تۇيغۇلىرى ئويغىنىپ قالماسلىقى، ياخشىلىق قىلغۇچى، ياخشى يولدا، توغرا مەنزىلگە قاراپ ماڭغۇچى جەزمەن ئۆز خاھىشى، چىن كۆڭلى، پاكىز سۆيگۈ ـ ئېتىقادى بىلەن مېڭىشى، خالىس نىيەت بىلەن ئىش قىلىشى كېرەك.

زەمەھشەرى ھەزرەت «ياخشىلىق قىلغانغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇر: جەۋزا يۇلتۇزى پاتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ‹شېئىرا› يۇلتۇزىنىڭ پارقىراپ چىقىشى نېمىدېگەن ياخشى!» دېگەنىكەن. راست بالام، ياخشىلىق شۇنداق بىر مەرھەمەتكى، ئۇ سېنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ خۇش قىلىدۇ. ھەممىسىنىڭ كۆڭلىنى قۇياشتەك يورۇق، خۇرۇستالدىن سۈزۈك ۋە سۇبھىنىڭ ئەڭ پاكىز ھاۋاسىدەك ئارامبەخش قىلىدۇ. ياخشىلىق دېمەكلىك تۇپ نېگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يۇكسەك دەرىجىدىكى روھىي پاكىزلىق بولۇپ، بۇ خىل تەسۋىرلىگۈسىز پاكىزلىق جىمى ـ جىمى نەرسىنى گۈزەل، مېھىرلىك، ئىللىق قىلىۋېتىدۇ ۋە ئۆزىگە، ئۆزگىگە زەررىچە يامانلىق، ساختىلىق، كۆڭۈل قارىلىقنى راۋا كۆرمەيدۇ.

خوش، ئۇنداق بولسا، بىر ئادەم قانداق قىلغاندا ئۆزىنىڭ تەن ـ ۋۇجۇدىغا ياخشىلىقنى ھەمراھ قىلىپ، ياخشىلار جۇملىسىدىن ئورۇن ئالالايدۇ ۋە كامالىي پاكىزلىق تۇرلىرى ئاستىدا ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ رەھمەت زىيالىرى ھەمدە يۇيۇپ ـ چايقاپ چىقالايدۇ؟ زېھنىنى ياخشىلىق بىلەن تولدۇرۇش ئۇستىدە سەير ـ ھەرىكەت

www.uyghurkitap.com

قىلالايدۇ؟

بىر ئىنساننىڭ مەنىۋى كىر ـ ئىللەتلەردىن ساقلىنىپ، پاكىز، ياخشىلىققا تولغان ھىدايەت يولىنى تاپىشقى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ھاياتلىق ئەقىدىسىگە باغلىقتۇر. ياخشى بولغان يولغا ماڭىمەن. سالىھ، ياخشى بەندىلەر قاتاردىن ئورۇن ئېلىپ، قىسقا مۇددەتلىكلا بۇ چەكلىك ئۆمرۈمنى گۈزەل، تاتلىق، مەنىلىك ئىش ـ ئەمەللەر بىلەن ئۆتكۈزۈپ، نۇسرەت قۇچىمەن دەيدىغان ھەر بىر تىرىك جان چوقۇمكى ئەڭ ئالدى بىلەن دۇرۇس ئىش قىلىمىقى لازىمدۇر.

بىر ئىنساننىڭ ھاياتلىق ئەقىدىسى، تۇرمۇش قارىشى ئەڭ چوڭ دائىرىدە ئۇنىڭ تۇرمۇشتىن ئىزدەيدىغان مەنە ـ ماھىيەتىنىڭ، ھاياتتىن ئىزدەيدىغان نىسىۋە ـ رىزقىنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ھاياتلىق ئەقىدىسى بىر ئىنسان ئۈچۈن نىشان بەلگىلىگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئۇ بىزنىڭ قەيەرگە بېرىش، قانداق بېرىش كېرەكلىكىمىزنى، بۇ جەرياندا نېمىلەرنى قىلىش، نېمىلەرنى قىلماسلىقىمىز كېرەكلىكىنى ئىنتايىن ئېنىق ئېيتىپ بېرىدۇ. ئەگەردە بىزنىڭ ئەقىدىمىز، دۇنيا قارىشىمىز ساغلام بولسا بىز ئۆمرىمىزنى غەنىيمەت بىلىمىز، ھەر بىر مىنۇت ـ سېكۇنت ۋاقتىمىزنى قەدىرلەپ ئۇنى ئەھمىيەتلىك، مەنىلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىمىز، ئۆزىمىزنى يامان يوللاردىن چەكلىيەلەيمىز، ئەڭ ياخشى ئىشلار ئۈستىدە ئىزدىنىمىز، ئەھمىيەتلىك

ئىشلارنى بىر ـ بىرىمىزگە تەۋسىيە، تەرغىب قىلىمىز ۋە باشقىلارنى چاكىنا، تايىنىسىز ئىشلاردىن توسىمىز، ئۇلارنىمۇ توغرا يولغا يېتەكلىيەلەيمىز. ئەگەردە ئەقىدە ـ ئېتىقادىمىز ساغلام بولمىسىچۇ؟ ئەڭ رەزىل، ئىپلاس ئىشلارنىمۇ ئەيمەنمەستىن، تەپتارتماستىن قىلىۋېرىمىز ۋە ھەتتا ئۆزىمىزگىمۇ، كىشىلەرگىمۇ زىيان يەتكۈزىدىغان رەزىل ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپمۇ قىلىمىز. ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىمىز، كىشىلەرگە نارازىلىق يەتكۈزۈشتىن ھۇزۇر ھېس قىلىمىز. چۈشكۈن، چاكىنا تۇرمۇش يولىنى تاللىۋالىمىز، كاتتا ئىلىملىك بولۇپ كەتمىسەكمۇ، ئۇنى توغرا يولغا سەرپ قىلالايمىز.

شۇنداق، ئەقىدە ـ ئېتىقاد بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. بىز ساغلام بولغان ھاياتلىق ئەقىدىسىگە ئېرىشمەي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ مەنىلىك ياشاش يولىنى تاپالمايمىز. توغرا، ساغلام ئەقىدىگە ئىگە بولماي تۇرۇپمۇ بىلىم ئىگىلەش، كاتتا ئالىم بولۇش تامامەن مۇمكىن، كىشىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغىدەك مۆۋەپپەقىيەت قازىنىش، قالتىس ئىش تەۋرىتىش، خەلقىمۇ، ۋەتەنگىمۇ، مىللەتكىمۇ ئاجايىپ زور ئەمەلىي ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىش تامامەن مۇمكىن. قارىغىنكى زەمەھشەرى ھەزرىتىم بۇھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «توغرا يولدا ماڭغان كىشىنىڭ يۈرۈشى شىرنىڭ يۈرۈشىدىنمۇ ھەيۋەتلىكرەك.» يەنى مانا شۇنداق دۇرۇس ئەقىدە بولغاندىلا ئاندىن باشقا ئىشلىرنى توغرا يولغا سېلىپ ئۇنى لايىقىدا بېجىرىپ ماڭالايدۇ.

ئەمما سەندە ئەگەردە توغرا بولغان ئەقىدە بولمايدىكەن، ئۇۋايلا ئېزىپ كېتىشىڭ، ھەتتا باشقىلار تەرىپىدىن ناتوغرا ئۇسۇلدا پايدىلىنىپ كېتىشىڭ مۇمكىن. مەسىلەن: ئۇقيا ئېتىش ماھارىتى قالتىس ئىقتىدار تەلەپ قىلىدىغان ئىش. ئۇنى ئۆگىنىش، ئىشلىتىشكە بەزىلەر ماھارەت بولسا بولدى، بۇنىڭغىمۇ ئەقىدە، تۇرمۇش قارىشى كېتەمدۇ دېيىشى مۇمكىن. توغرا ئۇنى ھەممە ئادەم ئۆبدان ئۆگىنەلەيدۇ. ئەمما ھاياتقا بولغان ئىنتايىن ئېنىق ئۆلچەم قارىشىغا ئىگە كىشى ئۇقيا ۋە ئۇقيا ئۆگىنىشتىن ئىبارەت بۇ مەسىلىگە مۇنداق نۇقتىئىنەزەرلەرنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ مۇھاكىمە، مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن.

ساغلام ئەقىدە بىزنى ياخشىلىققا ئۈندەيدۇكى، ھەرگىز يامانلىققا دەۋەت قىلمايدۇ، بىزنى كىشىلەرگە نارازىلىق ئېلىپ كېلىدىغان، ئۆزىمىزنى ۋە كىشىلەرنى، دۇنيانى بولغايدىغان زىيانلىق ئىشلاردىن توسىدۇكى، يىرگىنچلىك ئىشلارغا سۆرىمەيدۇ. ئوغرىلارنىڭ، پاھىشىلەرنىڭ، ھاراقكەشلەرنىڭ، قىمارۋازلارنىڭ، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ ھاياتلىق ئەقىدىسى ئەللا - بىللا ساغلام ئەمەس. مۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھەقىقىي مەنىدىكى ياخشىلىق كەلمەيدۇ. ئەگەر بىراۋغا ياخشىلىق قىلدى، ياردەم قىلدى دېگەندىمۇ چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ، ياخشىلىق ئىزدەپ، ئۆزىنىڭ، كىشىلەرنىڭ كەلمىش - كەچمىشىگە رەھمەت ئىزدەپ ئەمەس، مۇنداقلا يولۇقۇپ، تەسىرلىنىپ قىلىنىشتىن، بىردەملىك ئىچ ئاغرىقى

تۈپەيلىدىن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما مۇنداقلارنىڭ ياخشىلىقنى ئىزدەپ قىلىشى ۋە ياخشىلىقنى ھاياتنىڭ تۈپ مەزمۇنى، پرىنسىپى قىلىپ داۋاملاشتۇرۇشى ھەقىقەتەنمۇ تەسكە توختايدۇ. چۈنكى، ياخشىلىقتا دەۋەت قىلىپ تۇرغۇچى ۋە ھەر مىنۇت - سېكۇنت ئىنساننى ياخشىلىققا ھەيدەپ، يامانلىقتىن توسۇپ تۇرغۇچى ئەقىدىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ پرىنسىپ بولمىسا ياكى سۇس بولسا ۋەياكى ئاشىق بوپقالسا كىشىنىڭ ياخشىلىقتا بولغان مۇھەببەت، سۆيگۈسى، تەسىراتى، ئىنتىلىشى ھامان سۇس بولىدۇ. يامانلىقتىن، چاكىنا تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن ئۇنچىۋالا تەپتارتىپ كەتمەيدۇ ۋە ئۇدۇل كېلىپ قالسا ساختىپەزلىك، غەيۋەتخورلۇق، پىتنە - پاسات، كىشىنىڭ ھەققىنى يېۋېلىش، قويمىچىلىق، ئالدامچىلىق، سۇخەنچىلىك، مۇناپىقلىق دېگەندەك پەس ئىللەتلەرنى قىلىۋېرىدۇ، بۇلاردىن تەپتارتىپ كەتمەيدۇ. نەتىجىدە ئۆزىنى ئىنتايىن ياخشى، مەنىلىك ياشاۋاتىمەن، يامان قىلىق - ئادەتلەردىن خالىيمەن. كىشىلەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمەن دەپ ھېس قىلىشى، ئۆزىمۇ بىلىپ - بىلمەي يامانلىققا يېقىن يولاپ قېلىشى ھەتتا قىلغان ياخشىلىقىدىن يامانلىقى ئېشىپ چۈشۈشىمۇ مۇمكىن.

«يامان ئادەم بىلەن بىللە بولساڭ، ئۇنىڭ تەسىرگە ئۇچرايسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قاتارىدا بول، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلىسەن.» مانا بۇ زەمەھشەرى ھەزرەتنىڭ بىزگە قىلغان دانا نەسىھىتى،

بالام. تۇرمۇشتا بىزنى توختاۋسىز تۇردە ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ تۇرغۇچى ۋە يامان قىلىق ـ ئادەتلەردىن ھەر مىنۇت سىلكىپ، تارتىپ، توسۇپ تۇرغۇچى ھاياتلىق ئەقىدىسىدىن ئىبارەت، بۇ تۈپ پرىنسىپ بولمىسا ياخشىلىق ئىزچىللاشماس، يامانلىق يوقىماس ۋە بىزلەرمۇ توغرا يولدىكى، ياخشى يولغا ماڭغان كىشىلەردىن بولالمايمىز.

ساغلام ئەقىدە بىزنى ياخشىلىق قىلىشتىكى زۆرۈر ئاساس بولغان ياخشى كۆڭۈل، ياخشى قەلب، ياخشى نىيەت بىلەن تەمىنلەيدۇ.

خوش، توغرا ئەقىدە بىزنى ياخشى ئادەم بولۇشتىكى ياخشى كۆڭۈل، ياخشى نىيەت بىلەن تەمىن ئېتىدىكەن، ئۇنداق بولسا ياخشىلىقنى تەرغىب قىلىدىغان، يامانلىقتىن يىرگىنىدىغان، ئۇنى توسىدىغان، ياخشى كۆڭۈل، ئاق كۆڭۈل نىيەتنىڭ بولۇشىلا كۇپايىمۇ؟ ياخشى نىيەت بولسىلا ياخشىلىقنىڭ ئومۇملىشىشى مۇمكىنمۇ؟ ياخشى نىيەتلىك ئىنسانلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى يولغا ماڭغان كىشىلەرنى كۆرسىتىپ بېرەمدۇ؟

ياخشى نىيەت، ياخشىلىقتىن زوقلىنىدىغان، يامانلىقتىن يىرگىنىدىغان قەلبنىڭ بولۇشى ۋە ياخشى ئىش ـ ئەمەللەرگە بولغان ئىخلاس ـ ئەقىدىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى سېنىڭ ياخشىلىقتىن ئىبارەت بۇ پاكىز چوققىغا يۈزلەنگىنىڭنى كۆرسىتىدۇ. يەنى سەن ئەمدى تېخى سېنى بىر نۇرانە سەھەرگە، يورۇق مەنزىلگە

يېتەكلـەيدىغان، پـارلاق يولنـىڭ بوسۇغىسـىغا كـەلدىڭ دېگەن گەپ. ھەئە، تەبرىكلەشكە، قۇتلۇقلاشقا ئەرزىيدۇكى، سـەن ياخشـىلىقنى، ئىنسـاننى بـەختلىك قىلىدىغـان، جەمئىيەتنى گۈزەل، مـەنىلىك قىلىدىغان يولنى تاپتىڭ.
بـىزدە نىيـەت ئىمـانىمىزنىڭ يېـرىمى دەيدىغـان گـەپ بـار. مۇقەددەس كىتابلاردا ياخشى نىيەتنىڭ ئۆزىگىمۇ ساۋابلىق ئىشلار قاتارىغا ياتىدىغانلىقى، ياخشى ئىشلارنى ئويلاش، نىيـەت قىلىشـقىمۇ كاتتـا ئـەجىر يېزىلىدىغانلىقى بايـان قىلىــنىدۇ. ھەقىقەتــەنمۇ، نىيــەتنىڭ توغرىلىنىشــى ئىنتــايىن تــەس. نىيــەت توغــرىلىنىپ، نىشــان ئايدىڭلاشقاندىن كېيىنلا ئىشلار تەرتىپكە چۈشۈپ، سېنىڭ بــارلىق پــائالىيىتىڭ تــەبىئىي ھــالدىلا بىــر نۇقتىغــا مەركەزلىشـىدۇ، مانـا ھـازىرمۇ سېنىڭ تامـامى تەپەككۇر ـ تەشــەككۇرلىرىڭ پــۈتۈن كۈچــۈڭ بىلــەن ياخشــىلىق قىلىشتىن ئىبارەت بۇ پاكىز، پارلاق مەنزىلگە جۇغلانـدى. بـارلىق ئىلـىم دۇنياسـىنى، زېھنـي قۇۋۋىتـىنى ئـۆزى ۋە ئەتراپىدىكىلەر، جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئەزگـۈ ئىـش ـ ئەمەللەرگـە بېغىشلاش سېنىڭ غايەڭگـە ئايلاندى. ھــەر قــانداق شــەكىلدىكى، ھــەر قــانداق چــاغدىكى ھــەر قانداق ئىنسان قىلغان يامانلىق، چاكىنىلىق، بولمىغۇر ئىــش ـ قىلىقــلار مۇقــەررەر ھــالدا ســېنىڭ ئــەڭ غەزەپلىنىدىغان، سېنى ئەڭ يىرگەندۈرىدىغان ۋە سەن جان ـ جــەھلىڭ بىلــەن قارشــى تۇرىدىغــان ئــەڭ زەھەرخــەندە دۈشمەنگـە ئـايلاندى. مۇبـارەك بولسـۇن! بىـر ئىنسـانىنىڭ

ھاياتلىق ئەقىدىسىنىڭ تۈزلىنىشىدىنمۇ كاتتىسا تەبرىكلىگۈدەك نېمە ئىش بار؟ ياخشىلىقتا يۈزلەنگەن قەلب ھەممىمىزنى خۇشال قىلىدۇ، ياخشىلىقتا توغرىلانغان يۈز ھەممىمىزنى زوق - تەبەسسۇمغا ئورايدۇ، يامانلىقتا مىختەك قادالغان ھەر بىر كۆز، كىرپىك بىزگە پۈتمەس كۈچ بېرىدۇ. بىز ياخشىلىق تامان بۇرالغان ھەر بىر بەندە ئۈچۈن مەڭگۈ ئالقىش ياڭرىتىمىز.

ئەمما، كىبىرلەنمەيلى، ھوشىمىزنى، خۇدىمىزنى يوقاتمايلى، بىز تېخى ئەمدى بوسۇغىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق، نىيەتنىڭ توغرىلىنىشىلا ھەممىگە ھېساب ئەمەس، ئەڭ ھالقىلىق جەريان ئالدىمىزدا، بىز تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ ياخشىلىق، ياخشى يولغا ماڭغان پازىل كىشىلەر ئۈچۈن يەنە قانداق تەلەپ - ئۆلچەملەر بار، تەلقىنلەپ باقايلى.

ياخشى نىيەت، ساغلام ھاياتلىق ئەقىدىسىنى تۇرغۇزۇشتىن كېيىنلا بىزنىڭ ئالدىمىزغا ھەممىدىن ئېغىر ۋە مۈشكۈل ۋەزىپە كېلىدۇ، يەنى ياخشى نىيەت، ياخشى ئەقىدىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش. ئەگەردە سەن مەلۇم بىر نەرسىنىڭ توغرا، چىنلىقىغا قەتئىي تۈردە ئىشەنسەڭ، جەزمەنكى ئۇنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىجرا قىلىشىڭغا توغرا كېلىدۇ، ئىجرا قىلىنمىغان ھەقىقەت ئاقىۋەتتە بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

بىزنىڭ ئارىمىزدا ياخشى گەپ قىلىدىغان كىشىنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىرىۋېتىدىغان، باشقىلارنى

ھاياجــانلاندۇرۇپ، قــايىل قىلىۋېتىدىغــانلار، توغــرا ھەقىقەتنى تەرغىب قىلىشتا ئاجايىپ ئوتلۇق پىكىرلەرنى ياغدۇرۇۋېتەلەيدىغانلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ بىلگەن، سۆزلىگىنىگە ئەمەل قىلىدىغان، ئەمەلىيەتتە شۇ بويىچە ئىش قىلىپ ماڭىدىغانلار كۆپ ئەمەس. بىز كۆرىمىزكى، ھاراقنىڭ زىيىنى، خەتىرى ھەققىدە كۆيۈنۈپ ماقالە يېزىپ كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇش ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان، قاتتىق ئەپسۇسلۇق نادامەتلەرنى چەككەن كىشىلەرنى پورۇقلاپ تۇرغان ھاراق سورۇنلىرىنىڭ بىرىدە يىرگىنچلىك، مەينەت ـ ئەلەس قىياپەتتە ئۇچرىتىپ قالىمىز. شەھۋانىيلىقنى كۈچەپ تەنقىد قىلغان ۋە ھەممە يەردە شۇنى پاش قىلىپ ئېغىزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ قاينايدىغان بەزىلەرنى بەزى ھاللاردا بولمىغۇر جايلارنىڭ بىرىدە تولىمۇ پەس، يىرگىنچلىك ھالدا ئۇچرىتىپ قالىمىز. ئۇلار نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى بىلمەمدۇ؟ ياق بىلىدۇ، بىزنىڭ كۆپلىگەن زىيالىيلىرىمىز نېمىنىڭ ئۆزىگە، كىشىلەرگە، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن ياخشى بىلىدۇ. ھەممە كىشىلەرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغىدەك ئۇلۇغ گەپلەرنى قىلىدۇ. ئەمما ئۆزلىرى ناچار ئىللەتلەردىن قول ئۈزۈپ، كەسكىن تۈردە ياخشىلىق تەرەپكە ھەقىقىي يول ئالمايدۇ. دېمەككى، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ئەقىدىسى تېخى تولۇق توغرىلانمىغان، قەتئىي ئەمەس، پاكىز ئەمەس، يەنى ئۇلاردا ياخشى نىيەت بولۇش

مۇمكىن، ياخشىلىق ھەققىدە ئالىيجاناب تونۇش بولۇش مۇمكىن. ئەمما ئۇلاردا ياخشىلىققا جاندەك زۇرۇر بولغان قەتئىيلىك يوق، ياخشى نىيەتنى ئىزچىل ئېلىپ بارغۇدەك ئەمەل - ئىجرا روھى يوق، ۋەھالەنكى، ياخشىلىق ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەر بىلەن ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، ئەگەردە سەن ياخشىلىق ھەققىدە ۋەز ئېيتىپ قويۇپلا، ياخشىلىق ھەققىدىكى ئەڭ ئېسىل چۈشەنچە، بىلىملەرنى ئەتىدىن - كەچكىچە زىكىر - تەلقىن قىلىپ، يادلاپ ئۆگىنىپ قويۇپلا ئۇنى ئەمەلىيەتكە، ھەر بىر قىلىق - ھەرىكىتىڭدە كۆرسىتەلمىسەڭ سېنىڭ بارلىق ئۆگەنگىنىڭ، بىلگىنىڭ ۋە ھەتتا كىشىلەرگە تەرغىب قىلغانلىرىڭ يوققا ھېساب. بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ ئىلىمدار، بىلىمدارلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا مۇنداق رىياكار ياخشىلار ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتتى، دەرسخانىلاردا، سورۇنلاردا، ئىككى ئادەم يىغىلغان جايدا گەپ شۇلارنىڭ، ئەلنىڭ غېمى، ئىجتىمائىي ئىللەتلەر ھەققىدىكى غەزەپ، قايناشلار، شۇلارنىڭ ئېغىزىدىن ئاشمايدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرى يەتكىچە بۇزۇق، ناكەس، ھورۇن، ئىش قىلماس، غەيۋەتخور، سۇخەنچى، چېقىمچى... مىللەتنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈش كېرەك، دەيدۇيۇ، ئەتىدىن - كەچكىچە رېستورانمۇ رېستوران قوغلاپ يۈرۈپ ئوينايدۇ. بىر مىللەتنىڭ مەيلى بايلىقى بولمىش، ۋاقتى، زېھنى، پۇل، كۈچىنى خانىم - قىزلىرىنىڭ نومۇسىنى پايخان قىلىپ ئوينايدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۆگەنمەيدۇ، ئىشلىمەيدۇ، تىرىشمايدۇ. زەمەھشەرى ھەزرەت بۇنى مۇنداق سۈپەتلەيدۇ: «ئىككى لىۋىڭ ئارىسىدىن چىققان سەدىقە كۆپ چاغلاردا ئىككى ئالىقىنىڭ ئارىسىدىن چىققان سەدىقىدىن ياخشىراق. (ئاغزىڭدىن چىققان ياخشى مەسلىھەت قولۇڭ بىلەن بەرگەن ماددىي ياردەمدىن ئەۋزەل.)» يەنى قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلغۇچە ئەمەلي ئىشنى كۆپ قىل.

ياخشى كۆڭۈل بولسىلا ياخشىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ، جەمئىيەتنىڭ تۈزىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ياخشى ئىش ۋۇجۇدقا چىقىشى كېرەك. بىزگە ئېغىزىدا شەھەر ئېلىپ بېرىدىغان قۇرۇق سەپسەتچى ياخشى كىشىلەردىن ئۈندىمەي ئولتۇرۇپ يېرتىلىپ كەتكەن ئاياغنى ئىخلاس، مۇھەببەت بىلەن يامايدىغان بىر موزدۇز بەكرەك ئەسقاتىدۇ ھەم شۇنىڭ مېھنىتى ھەقىقي، چىن مەنىدىكى ياخشىلىققا بەكرەك يېقىن تۇرىدۇ. بىلىپ تۇرۇپ ئەمەل قىلمايدىغان كىشىلەر ھەتتا ياخشىلىققا نىسبەتەن ئىنتايىن يامان تەسىر ئېلىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. كۆرىمىزكى، كىشىلەر، ھوي قاراڭلار، پالانچى ئالىم ياكى پالانچى مۇئەللىممۇ شۇنداق ئىشنى قىلىپ يۈرۈيدىغۇ، بىز قىلساق نېمىشقا بولمىغۇدەك، مېنىڭچە يامانلىققا تېخىمۇ قورقماي يېپىشىش مۇمكىن. دانىشمەندىن قانداق كىشىلەرنى ئىلىملىك كىشىلەر دەيمىز، دەپ سورىغاندا قانچىلىك بىلسە شۇنچىلىك ئەمەل قىلالايدىغان ئادەمنى دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. ھەقىقەتەن

ئۆزىنىمۇ ئۆزگەرتەلمىگەن ئىلىم پايدىسىز ئىلىمدۇر. ئىلىم ئۆگىنىپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆز ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ قېلىپنامىسى قىلالمىغان ئىنسان ئىلىم ئۆگەنمىگەنگە ھېساب، شۇنداقلا ياخشىلىقنى تەلقىنلەپ قويۇپ، ياخشى ئىشنى ئەمەلىيەتتە قىلمايدىغان، ياخشى ئىشقا چىن دىلىدىن ھېرىسمەنلىك قىلمايدىغان ئىنسان ياخشى كىشىلەر جۈملىسىدىن ئەمەستۇر، ئۇلار ياخشىلىقنىڭ نوپۇز ـ ئىناۋىتىنى تۆككۈچىلەردۇر ھەمدە توپ نېگىزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياخشىلىققا دۈشمەنلىك قىلغۇچىلار، ياخشىلىقنى تونۇيدىغان، ئەمما ئەمەل قىلالمايدىغان رىياكار، چۈپرەندە بەندىلەردىن بولۇپ قېلىشتىن سېغىنىپ پاناھلىق تىلىمىكىمىز لازىمدۇر. بىر ئىنسان ھەممىنى بىلدى، ئەمەل قىلمىدى، دېمەككى ئۇ ئۆز ئىلمىگە ھۆرمەت قىلمىدىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ياخشىلىقنىڭ شەنىگە ئېغىر داغ تەگكۈزدى. چوقۇمكى نادان كىشىلەر بۇنىڭدىن ئىنتايىن يامان تەسىر ئالىدۇ ۋە ياخشىلىقنى ئەرزىمەس، چاكىنا نەرسە قاتارىغا چىقىرىپ مازاق قىلىشقا چۈشىدۇ. ياخشىلارنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدۇ، مۇنداق كىشىلەرگە لەنەتلەر بولسۇن .

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ياخشىلىقنى ئوبدان تونۇيدۇ، توغرا يولنى بىلىدۇ، بۇ يولدا ماڭىدۇ، ئەمما ھەرىكىتى قەتئىي بولمايدۇ. يەنى ياخشىلىقنىمۇ، يامانلىقنىمۇ ئايرىماي قىلىۋېرىدۇ، ھەتتا تولا ئۇنداق ـ مۇنداق ئىش قىلىپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق، بىزمۇ

ئادەمغۇ، ئىنسان هامان كەمچىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ، دەپ ئويلايدۇ ـ دە، هەتتا ئۆزلىرىنىڭ بىمەنە قىلىق ـ ئادىتىگە باهانە، قۇسۇر ئىزدەپ، رەزگىللىكىنىمۇ قانۇنلاشتۇرۇشقا، ئەقلىدىن ئۆتكۈزۈشكە ۋە كىشىلەرنى توغرا دەپ تەن ئالدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. مەسىلەن ئېيتايلى، بىراۋ هاراقنىڭ تەن سالامەتلىككە، روھىيەتكە ۋە ئۇنىڭ پۇلى، ئەقلى، ۋاقتى، ئائىلىسى، ئەر ـ خوتۇنچىلىق، ئاتا ـ بالەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىدۇ ۋە بۇ هەقتىكى تەسىراتلىرى، تونۇش ـ بىلىشى ئىنتايىن چوڭقۇر، هەتتا كىشىلەرگىمۇ بۇ هەقتە كاپىلداپ گەپ ساتىدۇ. دېمەككى ئۇ نېمىنىڭ يامان، نېمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئىچمەسلىكنىڭ ئىنتايىن ياخشى ئىكەنلىكىنى، يامانلىقتىن نېرى تۇرۇشنىڭمۇ ياخشىلىق جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما ئولتۇرۇشلارغا بېرىۋېرىدۇ. كىمنىڭ خوتۇنى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قۇچاقلاپ تارتىپ تانسا ـ ئۇسسۇل ئويناۋېرىدۇ. دوستلىرى هاراق تۇتسا نېزىقاپ باقىدۇيۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى، بۇنىڭ قولى، پالانچىنىڭ يۈزى، پوكۈنچىنىڭ هۆرمىتى دەپ ئىچىۋېرىدۇ... ۋەهەتتا ئارقىدىنلا كىملەرگىدۇ ئۆزىنى ئاقلاپ ئەسلىي ئىچمەيتتىمەي، ئۇ بولدىيەي، بۇ مۇنداقەي... دېگەندەك پۇت باسماس سەپسەتىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان قىلىقىنىڭ يەنىلا توغرىلىقىنى چۈشەندۈرمەك بولىدۇ.

«تۇفى» دېيىش كېرەككى، چىن مەنىدىكى ياخشىلىق باھانە ـ سەۋەبنى كار قىلمايدۇ. بەلكى ياخشى يولدا، توغرا مەيداندا چىڭ تۇرۇپ ئۆز مەيداننى ئىپادىلەشنى، پاكىز ھاياتلىق يولىنى ھەر قانداق جايدا، ھەر قانداق چاغدا، ھەر قانداق كۆچنىڭ ئالدىدا چىڭ ساقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىنسان، ياخشىلىققا قول بەرگەنىكەنسەن، ئاجىزلىق، زەئىپلىك قىلما. زەمەھشەرى ھەزرىتىم «ئەتراپىغا قۇش قونمايدىغان ئۆي ـ يامغۇر چۈشمەس ئۆيدۇر (كىشىگە نەپ تەگمەيدىغان بېخىلنىڭ ئۆيى نامراتچىلىق، قاقاسلىققا ئايلىنىدۇ.)» دېگەنىكەن. يامانلىقنىڭ ئالدامچى رەڭدار قۇيۇنلىرى ۋە سېھىرلىك جادۇ ـ ئەپسۇنلىرى سېنى بوشاشتۇرۇپ قويمىسۇن، ئازدۇرمىسۇن، ياخشىلىققا بولغان ئەقىدە ـ ئىخلاسىڭنى سۇندۇرمىسۇن. تەسلىمچى، بېلى بوش، ئەقىدىسى چۈشكۈن بەندىلەردىن بولۇپ قالمىغىن، قەتئىي تۈردە ئۆزۈڭنى يامانلىقتىن، ھەر قانداق شەكىل، تۈسىدىكى ساختا ۋە جەمئىيەتكە زىيان ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن ئېلىپ قاچ. توغرا، سەن ۋە يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە شۇنداق بىر ئاجىز، مىسكىن ئىنسانلىق قارىشى بولۇش مۇمكىن. يەنى ئىنسان دېگەن ئازغۇن نەرسە، ئىنسان خام سۈت ئەمگەن بەندە، مۇتلەق كامىل ئىنسان يوق، ئازغۇنلۇق بىزنىڭ تەبىئىتىمىز... دېگەندەك قاراشلار سەندىلا ئەمەس، نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن، ئەمما

بىلگــەن ۋە ئىســـتىدە مەھكــەم تۇتقـــىنكى، ئىنســان تــۇپ
نىگـــىزىدىن ئـــىلىپ ئىيتقـــاندا، ياخشــــىلىقنىڭ قۇلـــى،
ھامىيسـى قىلىـپ يارىتىلغـان. يـەنى ئىنسـان ئـەڭ ئـالىي
سۈپەت كامـالىتى بىلـەن يـارىتىلدى ۋە ياراتقۇچىنىڭ ئـەڭ
ئـــىززەتلىك پەرىشـــتىلىرىدىنمۇ يۇقىـــرى ئورۇنـــدا قويۇلـــۇپ
پەرىشـتىلەرمۇ ئۇنىڭغـا تـەزىم ـ بـەجا كـەلتۈردى ۋە زېمىنغا
پەقەت ۋە پەقەت ياخشىلىق قىلىش، ياخشىلىق ئاساسىدا
زېمىننى گۈللەپ ياشنىتىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلدى. ئۇنىڭغا
تامامى ئىسىل، ئالىي ھېكمەتلەر بىلدۈرۈلدى. دېمەككى،
ئادەم ئاتىنىڭ ئازغۇنلۇقىنىڭمۇ ئالدىدا ئىنسانىي كامالەت،
كاتتـا ئىشـەنچ، ئۈمىـد، ياخشـىلىق، رەھمـەت ئىنسـانىنىڭ
يارىتىلمىسىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. بىز نېمە ئۈچۈن مانا
بۇ كاتتـا ھېكمـەتنى ئەمـەس، ھەدېسـىلا ئىنسـان ــ ئازغۇن
دېگـەندەك ئـەڭ چاكىنـا مەنـە ـ مەنتىقىلـەرنى تۇتـۇپ
چىقىـپ، ئـۆزىمىزنىڭ يىرگـىنچلىك پاسـىقلىقىمىزغا
يوچۇق ئىزدەيمىز؟ مەن ھازىرغىچە بىرمۇ ئىنسانىنىڭ
«چىـن ئـادەم ــ كائىنـاتنىڭ ئـەڭ ئـەزىز، ئـىززەتلىك
يارىتىلمىسـى، ئـادەم بولغـاندىن كېيىـن مۇنـۇ ئىشـنى
قىلمـاي» دېگـىنىنى ئـاڭلاپ، كـۆرۈپ بـاقمىدىم، بـەلكى
ھەدېسىلا رەزگىللىكنى يەتكىچە قىلىپ بولۇپمۇ، «بىزمۇ
ئـادەم ئـەمدى... ئـادەم بولغـاندىكىن» دەپ غىلجىڭشىپ
تۇرىدىغان نېمىلىكنى يەتكىچە كۆرۈپ كەلدىم. دېمەككى،
بىـز ھەدېسـىلا يامـانلىق تەرەپكە ئـاغىمىز ۋە ئـۆزىمىزنىڭ
يامـــانلىقىنىمۇ يېپىـــپ، بولســـا شـــۇنىمۇ توغـــرا دەپ

ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىمىز، بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە چاكىنىلىق، ئاجىزلىق بولمىسا كېرەك. ھەقىقەتەنمۇ زەمەھشەرى ئېيتقاندەك «شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلارنىڭ ياتاقلىرى غەپلەت بۆشۈكىگە ئايلانغان، خۇددى مۇشۇك ـ قاپلانلارغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ قاپاقلىرىدا ئويغاقلىق كەم.»

يامانلىق قىلساڭمۇ، ئەمما ئۇنى توغرىغا چىقىرىشقا ئۇرۇنما. سەن پاھىشىۋازلىق قىلدىڭكى، دېمەككى سەن پالان ـ پۇستان، ئالەم زېمىنغا لىق كەلگۈدەك باھانە ـ سەۋەب تاپساڭمۇ ئەسقاتمايدۇ. شەرمەندىلىك تەبىئىي ھالدىلا سېنىڭ ياخشىلىقىڭنىمۇ يەپ كېتىدۇ. توغرا سېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭ يوقاپ كەتمەيدۇ، ئەمما قىلغان يامانلىقىڭ ئۇنىڭ ئاستىدا قالىدۇ. ياخشىلىقنى تونۇپ، بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭدا قەتئىي چىڭ تۇرالماسلىق، يامانلىقتىنمۇ بەك تارتىنىپ كەتمەسلىك تولىمۇ قەبىھ قىلىقتۇر. ياخشىلىققا ماڭغان ئىكەن كەسكىن بولمىقىمىز ۋە ھەر بىر ئىشىمىز گېپىمىز، ھەر بىر تىنىقىمىز بىلەن بىلگىنىمىزنى ئەمەلىيلەشتۈرمىكىمىز لازىمدۇر. ئېسىمىزدە چىڭ ساقلايلىكى، بىلىش ـ تونۇش ئەمەلىيلەشمىسە ئۇنىڭ پايدىسى يوق. ھەممىمىز سەپسەتە سېتىندىلىرى، گەپ خالتىلىرى بولۇپ كەتمەيلى، بەلكى بىرنى بىلسەك جەزمەن شۇ بىرگە ئەمەل قىلىپ ماڭايلى. شۇ چاغدىلا ياخشىلىق ئۈزۈلمەيدۇ، ياخشى كىشىلەر ئاۋۇيدۇ، ياخشىلىقنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ، ياخشى نىيەت ئەمەلىيلەشكەندىلا بىز ياخشىلار قاتارىدىن

ئورۇن ئالىمىز، ياخشى نىيىتىمىزنى ياخشى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرالىغان چېغىمىزدىلا ئاندىن بىز ھەقىقىي ھالدا ياخشى يولغا كىرگەن، توغرا يولدا ماڭغان بولىمىز، بولمىسا ياخشى نىيەت بولغان بىلەنمۇ ئازگالغا سەكرەپ قېلىشىمىز، ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر كۆپ بولغان بىلەنمۇ، ئەمما ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا بىزنى ئۈمىدلەندۈرۈپ، سۆيۈندۈرىدىغان ياخشىلىق كۆپ بولماسلىقى، مەرەز قىلىق ـ ئادەتلەر يەنىلا شەرت بىلەن ئاۋۇپ كېتىۋېرىشى مۇمكىن.

زەمەھشەرى ھەزرەت «بىر مەملىكەتتە ۋابا (ئاغرىق ـ سىلاق) كۆپ بولسا، قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئاز بولسا، بۇ ھال ئاشۇ مەملىكەتنىڭ ئارقىغا كېتىشىنىڭ ئالامىتى» دېگەنىكەن. بىر ئادەم ئۇچۇن ئىلىپ ئېيتقاندىمۇ قۇرۇق، ئەرزىمەس گەپ، ئەمەل قىلىنمايدىغان ۋەز ـ كالامىنىڭ، ئەدەپ، ئەمەلىي ئىشىنىڭ ئازلاپ كېتىشى ئۇنىڭ چېكىنىپ، زەئىپلىشىۋاتقىنىنىڭ ئىسپاتى.

ئاڭلىدىڭمۇ، بالام. ياخشىلىق مانا شۇنداق مۇرەككەپ، كىشىدىن ساغلام ئەقىدە، قاراش، شۇنداقلا بىلىم تەلەپ قىلىدىغان جەريان. نېمە؟ ياخشىلىق ئۇچۇنمۇ بىلىم كېتەمدۇ دېدىڭمۇ؟ ئەلۋەتتە كېتىدۇ، بالام. بىر ياخشى ئىنساننىڭ نىيەتنى رۇسلاپ قەتئىي، كەسكىن ئەقىدە ـ ئىخلاس بىلەن توغرا بولغان ھاياتلىق يولىغا قەدەم تاشلىغىنىدىن كېيىنلا، ئۇ ئەمدى يەنە ئۆزىگە زۆرۈر بولغان نۇرغۇن ساپا ـ ئىقتىدارلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

ئىنساندا نىيەت ۋە شۇنى قىلىدىغان قەتئىي ئىرادىلا بولۇپ، ئەمما بىلىم، ئىقتىدار، ھۈنەر دەيدىغان ماھارەتلەر بولمىسا، ئۇ ياخشىلىق قىلالايدۇ. لېكىن ھەغدادىغا يەتكۈزۈپ قىلالمايدۇ. گەپنى كونكرېتلاشتۇرساق، ياخشى ياشاي دەيدىغان ھەر قانداق بىر ئىنسان جەزمەن ئىلىم ئىگىلىشى كېرەك. ئىنسانىيەتنىڭ قارا كۆچكە تايىنىپ جان باقىدىغان دەۋرى كەلمەسكە كەتتى. بۈگۈنكى زامانىۋىلاشقان بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە كىشىلەردە بىلىم، ئىقتىدار بولمىسا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. رىقابەت ئىنتايىن رەھىمسىز، شەپقەتسىز بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىر ئادەمدە ياخشى كۆڭۈل، پاكىز ھايالىق ئەقىدىسىلا ئەمەس، كۆڭۈل، ئەقىدە، قەلبكە قالغان بولالايدىغان، نىيەتنى ئەمەلگە ئايلاندۇرالايدىغان ماھارەتمۇ بولۇشى كېرەك. بىز باشتىلا دەپ ئۆتكەندەك نىيەتنىڭ ئۆزىلا ياخشىلىقتا، ئەمەلگە تەڭ ئەمەس، نىيەت قەلبتە پىنھان بولىدۇ ۋە بەزى ھاللاردا ئۆزىنىڭ سىلىق ـ سىپايە، مۇلايىم، خۇشخۇي، كەڭ قورساق، ئالىيجاناب خىسلەتىنى كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى ئارقىلىق نامايان قىلىدۇ. ئەمما نىيەت كونكرېت ئىش ـ ئەمەلدە ئاندىن ھەقىقىي ئىپادىلىنىدۇ. مانا مۇشۇ ئىش بىجىرىش جەريانى، ئۇسۇلى بىزدىن ئىنتايىن جانلىق، ئۈنۈملۈك بولغان ئىلىم ـ ئىقتىدارنى تەلەپ قىلىدۇ. قەلبى، ۋۇجۇدى شۇ قەدەر پاكىز، ئىنسانىي مېھر ـ مۇھەببەتكە تولغان، ھەتتا چۈمۈلىنىمۇ دەسسەپ

ئۆلتۇرمەيدىغان بىر سالىھ بەندە ئەگەردە ھېچقانداق ھۈنەر، كەسىپ، بىلىم ئىگىلىمىسە، قولىدىن ياخشى گەپتىن باشقا ھېچقانداق ئەمەلىي ئىش كەلمىسە، ئۇنىڭ ياخشىلىقى بەكمۇ قۇرغاق، قۇرۇق، ئەپسانىۋى، كۆلكىلىك تۇس ئېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ياخشى يولدا پاكىز ياشايمەن دەيدىغان ئالىي غايىلىك ئىنسان جەزمەن بىلىم ئىگىلىسۇن، ھۈنەر ئۆگەنسۇن، قانچىكى كامالەتكە يەتسە شۇنچە ياخشىدۇر. ئۇنىڭ كامىل ئىلمى ئۆزىنىڭ ياخشىلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ياخشىلىقنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇش، كېڭەيتىش، كىشىلەرگە تېخىمۇ ئەمەلىي نەپ يەتكۈزۈش ئۈچۈندۇر. بىلىم بولغاندىلا ياخشىلىقنى تېخىمۇ جايىدا قىلغىلى بولىدۇ. بىلى بولغاندا، ھېچبولمىسا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزى موھتاجلىقتا قالمايدۇ. باشقىلارغا ئېغىرى چۈشمەيدۇ. ياخشىلىقنى كەڭتاشا، ئازادە، جانلىق قىلالايدۇ. تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى ياخشىلىق تەرەپكە مايىل قىلالايدۇ. بىلىم بىلەن قوراللانمىغان ياخشىلىق ھەققىدىكى ۋەز ـ نەسىھەتلەرمۇ كىشىلەرنى زېرىكتۈرىدىغان مەنىسىز ۋەز ـ نەسىھەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە، كىشىلەرنى بەزدۈرىدۇ...

قىسقارتىلغاندا، ياخشىلىق ئۈچۈن بىلىم ئىنتايىن مۇھىم. ياخشى ياشايمەن، مەنىلىك، پاكىز ھايات كەچۈرىمەن، ھاياتىمدا كىشىلەرگە ئازازلىق، زىيان ـ زەخمەت ئەمەس، ياخشىلىق، رەھمەت يەتكۈزىمەن دەپ

www.uyghurkitap.com

ئۆيلىغان ھەر بىر ئىنسان نىيىتىنى رۇسلىسۇن، ئاندىن ئەڭ زور دەرىجىدە ئىلىم ئۆگەنسۇن، ھۇنەر ئۆگەنسۇن، ئىلىم توغرا يولنى تېخىمۇ توغرىلايدۇ ھەم يورۇتىدۇ...

خۇش، بالام. ئۇنداقتا ئۆزۈڭدە ياخشىلىق سۈپەتلىرىنى ھازىرلاپ بولغاندىن كېيىن ياخشىلىقنى كىمگە قىلىسەن؟ يەنى ياخشىلىق قىلىشنى ئالدى بىلەن كىمدىن باشلايسەن؟

ياخشىلىقنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزۈڭگە قىل. يەنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ ياخشى بول، ئېۋەن - نۇقسانلىرىڭنى تۈزەت. يەنى سېنىڭ يامانلىقتىن نېرى بولۇشۇڭ، بەتقىلىق بۇرادەرلەردىن يىراق بولۇشۇڭنىڭ ئۆزىمۇ ياخشىلىق جۈملىسىدىندۇر. ئۇندىن كېيىن ياخشىلىق ئائىلەڭگە بولسۇن. خوتۇن - بالىلىرىڭ، پەرزەنتلىرىڭ سېنىڭ ياخشىلىق قىلىشىڭغا ئەڭ موھتاج كىشىلەردۇر. ياخشىلىقنى، مەرھەمەتنى ئەڭ ئالدى بىلەن شۇلارغا يەتكۈز. سېنىڭ مېھرىڭ، ئىللىقلىقىڭغا ئەڭ موھتاج، تەشنا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم، شاد قىل. بىر ئىنسانغا نىسبەتەن ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئەگەر بىراۋ ئۆز ئائىلىسىدىنمۇ خاتىرجەم، ئۆز ئائىلىسى بىلەنمۇ شاد، بەختىيار بولالمىسا ئۇنداقتا ئۇ ئادەم جاھاننىڭ باشقا ھەر قانداق يېرىدىن شادلىق، مەنە، خۇشلۇق تاپالمايدۇ. تاپسىمۇ ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك بەخت، رازىمەنلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلالمايدۇ. شۇڭا ياخشىلىقنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئائىلىمىزگە

قىلىشتىن باشلايلى.

زەمەھشەرى ھەزرىتىم ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەر ياخشىلىق، ياردەمگە موھتاج تۇرسىمۇ ئۇلارغا خەير - ئېھسان قىلماستىن باشقا ناتونۇش كىشىلەرگە ياردەم قولىنى سۇنۇشقا، ھەتتا ياتلارنىڭ ھەشقاللىسىغا ئېرىشىشكە خۇشتار كىشىلەرنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېگەنىكەن: «بەزى ئادەملەر ئۆزىنىڭ يېقىن كىشىلىرىگە ياخشىلىق قىلىشنى تاشلاپ، يات ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىدۇ. تۆگىقۇشى ئۆزىنىڭ تۇخۇمىنى تاشلاپ باشقا قۇشنىڭ تۇخۇمىنى بېسىپ ياتقىنىدەك.» بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس، بالام. ھەر قانداق ياخشىلىق ئەڭ ئالدى بىلەن ئائىلىمىزگە بولسۇن، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا، قولۇم - قوشنىلارغا، دوست - بۇرادەرلەرگە بولسۇن ۋە شۇ تەرزدە يېقىندىن يىراققا كېڭەيسۇن. ئەگەردە ھەممىلا ئادەمدە مۇشۇنداق ئىدىيە بولىدىغان بولسا، جاھاندا ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان ئادەم قالمايدۇ، بالام.

ياخشىلىقنى ئاتا - ئانىلارغا ئەڭ زور دەرىجىدە يەتكۈزمەك بىزنىڭ گەدىنىمىزدىكى مۇقەددەس مەجبۇرىيەتتۇر. مۇقەددەس كىتابلاردا ۋە دەۋەتلەردە ئىنسانىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشىنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە ئىنتايىن كۆپ دەلىللەر كەلتۈرۈلگەن. زەمەھشەرى ھەزرىتىم ھەم مۇنداق دېگەن: «ئاتا بولغان كىشى نامۇنەسەب جەھەتتە مەشھۇرراق ۋە ئابرۇيى ئۈستۈنرەك كېلىدۇ، ئانا بولسا ھەممىدىنمۇ تەلەپچان ۋە

مېھرىبانراقتۇر.» ھەقىقەتەنمۇ ئاتا - ئانىمىز بىزنىڭ يارىلىشىمىزغا ۋاستە بولدى. بىزنى مۇشەققەت بىلەن تۇغۇپ، تەربىيىلىدى. بىز ئۈچۈن بارى - يوقىنىڭ ھەممىسىنى ئاتىدى. ھەتتا ئۆزلىرى مۇشكۈلچىلىكتە قالسىمۇ بىزنى يۆلىدى. بىزنى يۆگىدى، بىزنىڭ ھەربىر نەپىسىمىزدە ئۇلارنىڭ قان - تەرى بار، بىزنىڭ ھەربىر لوقما تائامىمىزدا ئۇلارنىڭ ئەجرى بار. بىزنىڭ ھەربىر مىدىرلىشىمىزغا ئاتا - ئانىمىزنىڭ بىھېساب ئۈمىد - ئارزۇسى سىڭگەن. ئۇلارنى قەدىرلەيلى، ھۆرمەتلەيلى. بىز شادلىقتىن كېرىلىپ تۇرساق، ئاتا - ئانىمىز غېرىب، مىسكىنلىكتە بويۇن قىسىپ قالسا، شۇبھىسىزكى بىزنىڭ شادلىقىمىز قايغۇنى، ئازابنى چىللايدۇ. ئاتا - ئانىمىز ئاچ تۇرسا، بىز كاتتا نازۇنېمەتلەرنىڭ ئالدىدا قورساق تومپايتىپ ئولتۇرغان، ئىسراپچىلىق قىلىپ ئولتۇرغان بولساق، گەپ - سۆزسىزكى بىزنىڭ يېگەن - ئىچكىنىمىز زەھەر - زوقۇم بولۇپ پوكىنىمىزدىن تېشىپ چىقىدۇ. ئاتا - ئانىمىزنى تاشلىۋەتسەك، ئۇلار بىلەن كارىمىز بولمىسا، ھەتتا ئۇلارنى قاقشاتساق، زارلاتساق، يىغلاتساق، چوقۇمكى بىزنىڭ تاپقان - تەرگىنىمىز، ئالغان، ئىگە بولغانلىرىمىزنىڭ ھېچقايسىسىدا بەرىكەت قالماس، ئۇنۇم بولماس. چۈنكى ئاتا - ئانىسىنىڭ رازىلىقى ياراتقۇچىنىڭ رازىلىقىغا سەۋەب بولارمىش. ياراتقۇچىنىڭ رازىلىقى ئاتا - ئانىنىڭ رازىلىقى بىلەن باغلىنىپ كېتەرمىش. بۇنى ئىنكار قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ئاتا - ئانىمىز بىزنى

جاھالەتكە، ناتوغرا يول، يامان قەبىھ ئىشلارغا باشلىمايدۇ. ئەگەردە شۇنداق ئىشلارغا باشلىغىنىدا ئۇلارغا ئەگەشمە. ئەمما ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىل. ئۇلارنىڭ سەن ئۇچۇن مېھنەت سىڭدۈرگىنىنىڭ ئۆزىلا ھۆرمەتلەشكە ئەرزىيدۇ. ئۇلارنىڭ يامانلىقىغا ئەگەشمە، قۇربىڭ يەتسە ئۇلارنىمۇ ياخشىلىققا يېتەكلە. ئەمما ئىللا - بىللا ئاتا - ئاناڭغا ئازار بەرمە، ئۇلارنى يىغلاتما، ئۇلارنى خارلىققا قويما. ياخشىلىقنىڭ چوڭى، كاتتىسى ئاتا - ئاناڭغا بولسۇن.

ياخشىلىقنىڭ كېيىنكىسى قېرىنداشلىرىڭغا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭغا، قولۇم - قوشنىلىرىڭغا بولسۇن. ئاندىن باشقىلارغا، ھەتتا جەمئىيەتكە كېڭەيسۇن. ھەئە ياخشىلىق قىلىشتا مانا مۇشۇنداق قانۇنىيەت بار. ئەڭ ئاۋۋال ئۆز ئەتراپىڭدىكىلەرگە، ئاندىن تەدرىجىي تۈستە سىرتقا كېڭەيمىچىلىك لازىمدۇر. شۇندىلا سېنىڭ ياخشىلىقىڭ تېز ئۈنۈم بېرىدۇ، كىشىلەرنىمۇ ئوڭايلا توغرا يول تەرەپكە يېتەكلىيەلەيدۇ. ئۆز ئەتراپىڭدا ياخشىلىققا موھتاج ۋە ئېھتىياجلىق كىشىلەر تۇرغاندا، سېنىڭ ئاتلاپ بېرىپ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭ دۇرۇس ئەمەس. ياخشىلىقنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز دائىرەڭدىن باشلاپ قىل ۋە ئاندىن تەدرىجىي ھالدا ئەتراپىڭغا كېڭەيت. ئەمما بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئۆزۈڭ بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى يوق كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلما دېگەنلىك ئەمەس. بەزى ھاللاردا كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنىڭ جىددىيلىكىگىمۇ قاراش كېرەك. يەنى

بەزىلەر جىددىي، ئىنتايىن زۆرۈر ھالدا ياردەمگە موھتاج بولۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇنچىۋالا تونۇش ئەمەستىم ياكى مېنىڭ ياخشىلىقىمغا موھتاج ئۇرۇق - تۇغقانلىرىممۇ بارتىغۇ، دەپلا تۇرۇۋالغىلىمۇ بولمايدۇ. ئېھتىياجىنىڭ جىددىيلىكىگىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ياخشىلىقنى ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان، ئەھمىيىتىنى تولۇق ھېس قىلالايدىغان ۋە ئۈنۈم بېرىدىغان جايلارغا تاللاپ قىلايلى. بىزنىڭ كۈچىمىز چەكلىك، جاھاندىكى ھەممە ئادەمگە ياخشىلىق قىلىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما بىر ساراڭ ياكى نېرۋىسى ئاجىز كىشى بىلەن ئىستىقبالى ئىنتايىن پارلاق، ئەمما قىيىنچىلىق سەۋەبىدىن ئوقۇلماي قېلىۋاتقان بىر ياشقا ياردەم قىلىشنىڭ ماھىيىتى، ئۈنۈمى، تەسىرى ئەسلا ئوخشىمايدۇ. پۇل تاپسىلا قاۋاققا يۈگۈرەيدىغان بىر شەرمەندە ھاراقكەش بىلەن دەپتەر ئالىدىغانغا ئىككى موچىنى يوق بىر يېتىم نارەسىدىگە بىر كوي ياردەم قىلىشنىڭ مەنىسى ئەسلا ئوخشىمايدۇ. باشقىلار ياردەمنى، ياخشىلىقنى ئويۇن قاتارىدا كۆرىدۇ، ھەتتا باشقىلارنىڭ ياردەم قىلىشىنى جەزمەن شۇنداق بولىدىغان ئىش دەپ قارايدۇ. بىراۋ پۇل ياردەم قىلسا، خەجلەيدىغان يېرى بولمىغاندىن كېيىن، باشقىلارغا بېرىۋەتمەي قانداق قىلىدۇ دەپ ھاماقەتلەرچە ئويلايدۇ ۋە ياخشىلىقنىڭ مەنىسىنى ئازراقمۇ ھېس قىلمايدۇ. قەلبى، روھى ئويغانمايدۇ، ئەمما قەلبى، كۆڭلى

پاكىز ئادەملەر باشقىلارنىڭ كىچىككىنە ياخشىلىق، غەمخورلۇقىدىنمۇ ئالەمچە تەسەللىگە ئېرىشىدۇ، ئىلھامغا، كۈچكە تولىدۇ ۋە ياخشى ئادەم بولۇش، ياخشى ياشاش، مەنىلىك ھايات كەچۈرۈش ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ، جاسارەت بىلەن ئىشلەيدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ياخشىلىقنى بىلىدىغان، قەدرىگە يېتىدىغان، ياخشىلىق ئارقىلىق ياخشىلىققا قايتىدىغان كىشىلەرگە قىلىش كېرەك. پەسەندىلەرگە رەھمەت نەزىرىڭ بىلەن باقساڭ، چوقۇمكى ئۇلار ئىتتەك قاۋايدۇ، سېنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭگىمۇ ھايا قىلماستىن ئازار بەرمەك بولىدۇ.

توغرا، يامانلارنى شۇ پېتى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. «ھايۋانغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىنسا، سۆيۈنۈپ كېتىدۇ، سۆيۈنگەن چاغدا شوخلۇق بىلەنمۇ تولغان.» زەمەھشەرى ھەزرەتنىڭ بۇ سۆزىدىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، ھايۋانلار چېغىدا سۆيۈنگەن يەردە يامانلارمۇ ھەم چوقۇمكى سۆيۈنىدۇ. ئۇلارغىمۇ ياخشىلىق قىلىش كېرەك. بەزى ھاللاردا تولىمۇ ئېپلاس، چاكىنا كىشىلەر مەلۇم بىر سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەتتا كىچىككىنە ياخشىلىق تۈپەيلىدىنمۇ تۇساتتىنلا توغرا يول تەرەپكە بۇرۇلۇپ، قالتىس ئېسىل كىشىلەردىن بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشتىن ئاۋۋال ئوبدان كۆزەت. ۋۇجۇدى رەزىللىككە تامامەن پېتىپ كەتمىگەنلا بولسا ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۇلارغا ياخشىلىق قىل، ئۇلارنى يامانلىقتىن تۇس، يامانلىق ئازايماي تۇرۇپ بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە ياخشىلىق ئەۋج

www.uyghurkitap.com

ئالالمايدۇ، ئۇلارنى قۇتقۇز. ئەمما ئىپلاسلىقتىنمۇ ھۇزۇرلىنىدىغان، يامانلىقتىن پەخىرلىنىدىغان قەلبى، روھى پۈتۈنلەي قارىداپ كەتكەن، ياخشىلىققا ھەر قانچە دەۋەت قىلساڭمۇ ئاڭلىماس، كار قىلماس كىشىلەر بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، چوشقىمۇ پاتقاقنى، يۇندىنى، ئەۋرەز كاتىكىنى ئەڭ ھۇزۇرلۇق جاي بىلىدۇ. ئۇنىڭغا سۈزۈك بۇلاق سۈيى قۇيۇپ بەرسەڭمۇ، چوقۇمكى ئۇ پاتقاقتا تەڭ قىلمايدۇ. بۇلاق سۈيى ئۇنىڭغا بىكار كېتىدۇ. بولدى قوي، جاھاندىكى جىمى رەزگىللىكنى تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئاشۇ سۈزۈك رەھمەت چەشمىلىرىنى تەشنا جايلارغا، دىلى چاك - چاك يېرىلىپ تۇرغانلارنىڭ ۋۇجۇدىغا چاچايلى ۋە توغرا يولدا خۇش پۇراق گۈللەرنى ئېچىلدۇرايلى، توپ - توپ بولۇپ ئۈيۈشايلى.

ياخشىلىقنىڭ پات - پات قىلىنىپ تۇرۇشى ياكى بىر توپ ياخشى كىشىلەرنىڭ بولۇشىلا بىر جەمئىيەتنىڭ ياخشىلىنىشىغا كۇپايە قىلمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ياخشىلىقنى قوللاپ - قوغداپ بېرەلەيدىغان توپ، ئاۋام، ئادەم بولۇشى كېرەك. بىراۋ ياخشىلىق قىلسا ئۇنى تۇشمۇ تۇشتىن قوللاپ، رىغبەتلەندۇرۇپ، ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر بولمىسا ياخشىلىق قىلغۇچىمۇ، ياخشىلىقمۇ ھەرگىز جەمئىيەتلىشەلمەيدۇ ھەمدە كىشىلەرنىڭ دىققەت - نەزىرىگە ئېلىنىپ باشقا كىشىلەرنىمۇ ياخشىلىق تامان ئىلھاملاندۇرالمايدۇ. ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى شۇنداق ئىكەنكى، ئۇنىڭ ھامان بىر

يەرلىرى ماختاشقا تەشنا. ياخشى ئىش قىلغان كىشىلەر گەرچە ئۆزلىرى ماختىلىشنى خالىمىسىمۇ، لېكىن ماختاش، قوللاش ئۇنىڭغا ئەكس ئۇنۇممۇ بەرمەيدۇ، بەلكى بىر ئېغىز ياخشى تەرىپمۇ ئۇنى قالتىس هاياجانلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ياخشىلىققا بولغان ئەقىدە ـ ئىخلاسىنى تېخىمۇ چىڭىتىۋېتىشى مۇمكىن هەم ياخشىلىقنى قوللايدىغان كىشىلەر توپىنى كۆرۈش ئۇنى تېخىمۇ ئىلهاملاندۇرۇشى مۇمكىن. كۆرۈپ بېقىڭكى، بىر ياخشى ئىش مەيدانغا چىقسا هېچكىممۇ ئۇنى ماختىمىسا، قوللىمىسا، ياخشىلىق ئېتىراپقا ئېرىشمىسە، ياخشىلىق قىلغۇچىمۇ بەلكىم بىر قىسما بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

كىشىلەر هازىر ئېپادىسىز، ئۈن ـ تىنسىز بولۇۋالدى. شۇك تۇرۇۋېلىش هەممىمىزنىڭ ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى. ياخشىلىققىمۇ شۇك، يامانلىققىمۇ شۇك ياكى قوللىغىنىمىزنى، ياكى قارشى تۇرغىنىمىزنى بىلگىلى بولمايدۇ. بۇ ئىنتايىن يامان ئادەتكى، بۇ خىل پەرۋاسىزلىق تەبىئىي هالدىلا كىشىلەرنىڭ ياخشىلىققا بولغان ئىخلاسى، ياخشىلىقنى قوغداش جەھەتتىكى پىداكارلىقى ۋە هەتتا يامانلىقنى توسۇش، چەكلەش جەھەتتىكى ئاكتىپچانلىقىنىمۇ يوق قىلىۋېتىدۇ ـ دە، ياخشىلىقمۇ تەرەققىي قىلىپ جەمئىيەتلەشمەيدۇ، ئەمما تەبىئىي هالدىلا يامانلىق ئەۋجىگە چىقىپ كۆكەملىشىپ كېتىدۇ. مانا هازىر قارىسىڭىز بىر ئوغرى ئۆزىنىڭ ئوغرىلىقىدىن نومۇس قىلىش تۇگۇل باشقىلارغا

ھۆركىرەلەيدىغان ھالغا يەتتى. ئەتراپىدىكىلەر شۈك.

دېمەككى، ياخشىلىق، ياخشىلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى، ياخشى كىشىلەرنىڭ كۆپىيىشى تەبىئىي ھالدىلا ياخشىلىقنى قوللاپ، يامانلىقتا دادىل قارشى تۇرىدىغان كىشىلەر توپىغا موھتاج. ياخشىلىق قىلالايدىغان تۇرۇقلۇق ياخشىلىق قىلمىغانلارغىمۇ چوقۇمكى سوراق بار. ياخشىلىق قىلغانلارنى قولليالايدىغان تۇرۇقلۇق قوللىمىغانلارغىمۇ ئېنىقكى ياخشى ئاقىۋەت يوق. كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقتا بولغان ئېنىق چۈشەنچىسىگە ۋە ئۇنى قوللايدىغان دادىللىقى، جۈرئىتىگە موھتاج. ياخشى ئادەملەر، ياخشى ئىشلار كۆپەيسىمۇ ئۇنى قوللايدىغان، قوغدايدىغان كىشىلەر بولمىسا ياخشىلىقمۇ، ياخشى كىشىلەرمۇ ئىززەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، ھەتتا خارلىقتا قالىدۇ، كېڭىيەلمەيدۇ. ياخشىلىقنى قوللاپ بېرىدىغان ئادەم، مۇھىمى شەكىللەنمىسە ياخشىلىقنىڭ غېرىب بولغىنى بولغان.

ياخشىلىق قىلغانىكەنسەن، قىلىدىكەنسەن ياخشى پەزىلەت، خىسلەتكە ئىگە بول.

زەمەھشەرى ھەزرەتنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «ئىخلاس بىلەن (ياخشى نىيەت بىلەن) قىلىنمىغان ئىش ياخشى ئۇنۇم بەرمەيدۇ.» ياخشىلىق خالىس بولسۇن، مىننەت قىلما. مەيلى كىمگە، قانچىلىك ياخشىلىق قىل، ياخشىلىقىڭ چىن كۆڭلۈڭدىن چىقسۇن، ھېچقانداق يەردە ئۇ ھەقتە مىننەت قىلما. ياخشىلىق غەرەزسىز،

مىننەتسىز بولۇشى كېرەك. شۇندىلا ئۇ ياخشىلىق سانىلىدۇ. مەيلى سەن ياخشىلىق قىلغان بەندە سىنىڭ ياخشىلىقىڭنى چۈشەنسۇن، قەدىرلىسۇن ياكى ئۇنىڭ قەدرىگە يەتسۇن ـ يەتمىسۇن، سەن ياخشىلىق قىلغانىكەنسەن، دېمەككى، بۇ ياخشىلىقىڭنىڭ ئەجرى ساڭا مەنسۇپ، سەن هامان يۈزى يورۇق، قولى ئوچۇق بەندىسەن، ياخشى بەندە بولغانىكەنسەن ئۆزۈڭنى پەسلەشتۈرمە، ياخشى خىسلىتىڭنى مەڭگۈ ساقلا، ئەگەردە قىلغان ياخشىلىقىڭ ھەققىدە مىننەت قىلىپ سالىدىكەنسەن، ئەجرىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ياخشىلىقىڭ يامانلىققا ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ. ئىشەنمىسەڭ بىر چىرايلىق ئىمارەت سال ۋە ئۇنىڭ ئۇلىنى كولاپ باققىنچۇ، مىننەت قىلىش قىلغان ياخشىلىقىڭنىڭ تېگىنى كولاش بىلەن باراۋەردۇر. مىننەت قىلدىڭمۇ ئۇ سېنىڭ قىلغان ياخشىلىققا نارازىلىقىڭنى ئىپادىلەيدۇ ـ دە، قارشى تەرەپنىمۇ خۇش قىلمايدۇ. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە سەنمۇ خەسىس، چۈپەي ئادەمگە ئۆزگىرىپ قالىسەن. ياخشى بولغانىكەنسەن، ياخشىلىقنى ئاخىرىغىچە يەتكۈز. ياخشىلىق قىلىش سېنىڭ ئىلكىڭدىكى ئىش. سەن ئۆزۈڭنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتىڭنى ئادا قىلغانىكەنسەن، مانا بۇ خۇشاللىنىشقا ئەرزىيدىغان ئىش. ياخشىلىق يەنە بىر ئادەمگە ئۆتكەنىكەن، ئۇنى بىلىش ـ بىلمەسلىك قارشى تەرەپنىڭ ئىشى، يەنە بىراۋلارنىڭ ئەخمىقانىلىقى سېنى ئازابلىمىسۇن، ئازابلىسىمۇ سېنى ئەخمەقلىققە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

باشلىمىسۇن، مىننەت قىلما.

ياخشىلىقنى خۇپىيانە قىل.

ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى خۇپىيانە بولغىنىدۇر. ياخشىلىقنىڭ تۇپەيلى كىشىلەرگە ئوبدان كۆرۈنۈشنى ئىستىمە. ياخشىلىق كۆز - كۆز قىلىدىغان نەرسە ئەمەس، ياخشى ئىنسان ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئەملى بىلەن كېرىلمەيدۇ، ماختانمايدۇ، تەمەننا قىلمايدۇ. بەلكى ياخشىلىقنى پىنھان قىلىدۇ، ئۇنى كىشىلەردىن يوشۇرىدۇ. بولۇپمۇ ياخشىلىقنى ئۇيەر - بۇ يەردە سۆزلەپ يۈرمەيدۇ.

زەمەھشەرى ھەزرەت مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىر نەرسە سورىغان كىشىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا، ئەمما مىننەت قىلسا ياكى سورىغان نەرسىنى بەرمەي بېخىللىق قىلسا، ھەر ئىككىسى بىر تۇپ دەرەختە ئۆسكەن ئىككى تال شاخقا ئوخشايدۇ.» يەنە مىننەت قىلدىڭ، بەرمىگەن بىلەن ئوخشاش نەتىجىگە ئېرىشتىڭ دېگەن گەپ. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئېگىز تاغدىن ئوتۇن توشۇپ تىرىكچىلىك قىلىش مىننەت يۈكىنى كۆتۈرۈشتىن كۆپ يېنىك.»

قىلغان ياخشىلىقىڭنى ئۇ يەر - بۇ يەردە سۆزلەپ يۈرسەڭ، چوقۇمكى سېنىڭ ياخشىلىقىڭغا ئېرىشكۈچىنى خىجالەتتە قويىسەن. باشقىلارنى خىجىلچىلىقتا قويۇش، ئوڭايسىزلاندۇرۇش ياخشىلىق ئەمەس. شۇڭا ياخشىلىق قىلدىم دەپلا يەنە بىر بولمىغۇر قىلىققا يول ئاچما. ھەم يەنە كېلىپ ياخشىلىقىڭنى ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە سۆزلەپ يۈرسەڭ كىشىلەر سېنى مەنمەنچى بىر نېمە ئوخشايدۇ دەپ

ئويلاپ قىلىشى مۇمكىن.
ئەگەردە ياخشىلىقنىڭ يېيىلىسىمۇ باشقىلار تەرپىدىن يېيىلىسۇن، شۇندىلا ئۇ تېخىمۇ ياخشى ئىش بولغۇسى. ئىززىتىڭ، ھۆرمىتىڭ ئاشقۇسى.
قىلغان ياخشىلىقىڭنى ئۇنتۇپ كەت.
ياخشىلىق سېنى مەغرۇرلاندۇرمىسۇن، سەندە كىبىرلىك، قانائەت ۋە ياكى مۇغەمبەرلىك تۇيغۇلىرى ئويغىنىپ قالمىسۇن. ياخشىلىقنى ئۇنتۇپ كېتەيلى. مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، مەيلى كىمگە قىلغان ياخشىلىقىمىز بولسۇن، ئۇنى شۇ ھامانلا ئۇنتۇپ كېتەيلى. ئۇنى ھەر قانداق جايدا ئەسلەپ، كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىپ يۈرمەيلى ياكى ياخشىلىق قىلغۇچىنىڭ ئېسىگە سېلىپ يۈرمەيلى. ھەتتا ياخشىلىق قىلغان ئادىمىمىز بىزگە يامانلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، بولدى ياخشى خىسلەت بىزگىلا يار بولسۇنكى، ياخشىلىقىمىزنى ئەسلىمەيلى، ئۇنتۇپلا كېتەيلى. ئەمما بىز قىلغان ناپىسەنتلىكلەر، يامانلىقلار مەڭگۈ ئېسىمىزدە تۇرسۇن. ھەرگىز ئۇنتۇپ كەتمەيلى ۋە شۇنىڭ ئۇچۇن تېخىمۇ كۆپ ياخشىلىق قىلايلى...

## ياخشىلىق غەرەزسىز بولسۇن

زەمەھشەرى ھەزرەت بىزنى ياخشىلىقنى غەرەزسىز قىلىشقا رىغبەتلەندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «شەرت بىلەن

www.uyghurkitap.com

قىلىنغان سېخىيلىقتا ياخشىلىق يوق. گەرچە قاتتىق ياغقان يامغۇرغا ئوخشاش بولسىمۇ.» يەنى ھەرقانداق چوڭ ياخشىلىق قىلساڭمۇ چىن كۆڭلۈڭدىن چىقىرىپ قىلماي، غەرەز، مەقسەت ياكى تەمەگە ئوخشاش نەرسىلەر ئارىلىشىپ قالىدىكەن، بۇ ساڭا ياراشمايدۇ، بالام. قىلغان ئەجىر ـ مېھنىتىڭ ھەقىقىي بولماي قالىدۇ.

كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلايلى ۋە قىلغان ياخشىلىقىمىزغا ئارتۇقچە غەرەز، ئوي ئارىلىشىپ قالمىسۇن، يەنى، مەن بۇنى قىلسام، پالانى مۇنۇ ئىشنى قىلىپ بېرىشى كېرەك دەيدىغان سودىگەرلەرچە مۇئامىلە قىلمايلى. ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر بىلەن يامانلىق قىلغانلار ھامان تەڭ بولمايدۇ. ياخشىلىق قىلغانلار ھامان دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شۇنىڭغا يارىشا مۇكاپات، ئەجىرگە ئېرىشىدۇ. ئەمما بىز قىلىۋاتقان ياخشىلىقىمىز تۈپەيلى كىشىلەردىن ياخشىلىق ياكى خەير ـ ئېھسان تەلەپ قىلساق، ئۈمىد قىلساق، ئۇ ھالدا بىزنىڭ ياخشىلىقىمىز چىن مەنىدىكى ياخشىلىق بولالمايدۇ. بەلكى سودا، غەرەز، مەنپەئەت، تەم تۈسىنى ئېلىپ قالىدۇ. ياخشىلىق قىلىشنى، كىشىلەرگە خەير ـ ئېھسان قىلىش، ياخشىلىق يەتكۈزۈشنى نىيەت قىلغان ئىكەنسەن، تەمەسىز، غەرەزسىز ھالدا ياخشىلىق قىل، كىشىلەرگە مەنپەئەت قىل، شاپائەت يەتكۈز. كىشىلەرگە تەمە بىلەن مۇئامىلە قىلما. بولمىسا پەسلىشىپ، رەسۋالىشىپ كېتىسەن ۋە ھەتتا نەپسىڭ تۈپەيلى

ئادىمىيلىك سۈپىتىڭنى يوقىتىپ قويىسەن.

كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىپلا ئەمدى ماڭىمۇ باشقىلار ياخشىلىق قىلىشى كېرەك دەپ ئويلاش بىزنىڭ مەنىۋى ئاجىزلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بەلكىم بىز ياخشىلىق قىلغان كىشىلەر بىزگە ئەشەددىي تۈستە يامانلىق قىلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ تۈپەيلى قايغۇرۇپ، ئاھ ئۇرۇپ بولغىلى بولامدۇ؟...

ياق، ياخشى بەندىنىڭ خىسلىتى ياخشىلىق قىلىش، يامانلىققا ۋە يامانلىق قىلغۇچىلارغىمۇ تېگىشلىك جازا بار. سەۋر ئەڭ ياخشى خىسلەتتۇر. ياخشى يولدا قايغۇرماستىن كۆڭلى شاد ـ خۇرام ھالدا مېڭىۋېرىش پازىل ئىنساننىڭ كاتتا خىسلىتىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# يامانلىققا قارشى تۇر، بالام

«يامان ئادەم بىلەن بىللە بولساڭ، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايسەن، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قاتارىدا بول، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلىسەن.» مانا بۇ بۈيۈك ئەللامە زەمەخشەرى ھەزرىتىمنىڭ سۆزى، بالام.

يامانلىققا يېقىنلىشىش بىزنىمۇ رەزىللىككە يېقىن قىلىپ قويىدۇ، ئۇنىڭدىن نېرى تۇر ۋە گۈزەل خۇلقۇڭ بىلەن كىشىلەرنى ساز قىل. قەيەردە بولما ياخشىلىقنى قوغدا، ئاسرا، ئۇنىڭ تەسىر ـ تەۋسىيىنى قىل.

ياخشىلىقنى قوغداش ئەڭ ئالدى بىلەن سەندىن بولسۇن. ياخشىلىق قىلىمەن، كىشىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت، ئىللىقلىق، مېھرىبانلىق يەتكۈزىمەن، ھەر قانداق ئادەمگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيمەن دەپ مېھرىنىلا، كۆيۈنۈشىنىلا بىلىدىغان، سۆيۈشىنىلا، سەۋرىنىلا بىلىدىغان، ئەمما غەزەپ ـ قەھرىدىن ئەسلا خەۋەرسىز ئادەم بولۇپ قالما. سەندە يېتەرلىك قەھر بولسۇن، غەزەپ بولسۇن، ئۆچمەنلىكمۇ، ئاچچىقمۇ بولسۇن. مېھرىلا بولۇپ قەھر بولمىسا سەن بىقۇۋۋەل، رەھىمسىز كەلگۈلۈككە شۈكۈر ئېيتىپلا تۇرىدىغان ئاجىز ياۋاشلاردىن بولۇپ

قالىسەن. ھەقىقىي توغرا يولدىكى ياخشى كىشىدە جەزمەن مېھرىمۇ ـ قەھرىمۇ بولۇشى، نۆۋىتى كەلگەندە يىغلاپ تۇرۇپ سۆيەلەيدىغان، يەنە نۆۋىتى كەلگەندە كۈلۈپ تۇرۇپ ئىپلاس شەرمەندىلەرگە مۇشت، تىل، تىغ تەڭلىيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. بىر ئادەم لازىم بولغاندا ئاچچىقلىيالمىسا، غەزەپلىك پارتلىيالمىسا، مۇشت كۆتۈرۈپ قوپالمىسا ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ياخشى قوغدىيالمايدۇ، ئائىلىسىنى، يۇرتىنى، ۋەتىنىنى، مىللىتىنى جايىدا قوغدىيالمايدۇ، ھەقىقىي مەنىدىكى ياخشىلىقنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالمايدۇ. ھەقىقىي مەنىدىكى ياخشى كىشىلەردىن بولالمايدۇ. كىشىلەرگە مېھرىبانلىق قىلىش، ئازار يەتكۈزمەسلىك، ياردەم بېرىش دېگەنلەر كۆپىنچە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش. ئەمما رەزىل، پاسىقلىققا دادىللىق بىلەن مۇشت كۆتۈرۈپ چىقىش نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، ياخشىلىق قىلىش نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، ئەمما ياخشىلىقنى جان ـ جەھلى بىلەن قوغداش، يامانلىق، بۇزۇقچىلىققا تىغمۇ تىغ قارشى تۇرۇش، ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. ۋەھالەنكى، يامانلىق بىلەن بولغان كۈرەش، ياخشىلىقنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان جەريانىدۇر. ئەگەردە يامانلىقنى توسۇش، چەكلەش، ئۇنى بېسىش بولمىسا ئىپلاس قىلىق ـ ئادەتلەر ئەۋج ئېلىپ كېتىۋېرىدۇ ـ دە، ياخشىلىقنىڭ

بېشىغا دەسسەپ ئوينايدۇ. ياخشىلىقنى، ياخشى كىشىلەرنى ھەتتا ئاپئاشكارا مازاق، مەسخىرە قىلىدىغان دەرىجىدە مۇتتەھەملىشىپ كېتىدۇ.

«يامان نىيەتلىك كىشىلەر بىلەن ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان تۇزكور ئادەملەر قاۋان توڭگۇزدەك ناپاك بولۇپ، ئۇلار تەڭرىنىڭ مەغپىرەت ـ ئەپۇ قىلىشىدىن يىراقتا.» زەمەھشەرى ھەزرەت يامان نىيەتلىك ۋە ناچار خۇلقلۇق كىشىلەر ھەققىدە مانا شۇنداق دەيدۇ. ئەجەبا مەرھەمەتى كاتتا ئاشۇ زاتمۇ ئەپۇ قىلمايدىغان يامانلىققا، يامانلارغا سەن يەنە چاپان ياپامسەن، بولۇشامسەن ياكى ئۇلارغا كۆزۈڭنى يۇمۇپ مۇئامىلە قىلامسەن؟ قەتئىي، كەسكىن بول، يامانلىقنى پۈتۈن چىش ـ تىرنىقىڭ بىلەن توس. يامانلىق ئالدىدا ھەرگىزمۇ بېشىڭنى ئېگىۋالما، قەددىڭنى پۈكۈۋالما. بەلكى يامانلىقنى توس. چەكلە، قولۇڭ بىلەن توس. ئەگەردە ئۇنىڭ بىلەن توسۇشقا قۇربىڭ يەتمىسە، تىلىڭ بىلەن توس، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىساڭ، كۆڭلۈڭدە بولسىمۇ نارازى بول، يىرگەن. ھەرگىزمۇ پاسىقلىقنى زامان شۇنداق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، تەرەققىيات، يۈزلىنىش دەپ قوبۇل قىلما. مەيلىگە قويۇۋەتمە...

ياخشىلىقنىڭ يولى ئۇزۇن، مەزمۇنى كەڭ، ئۇسۇل، ۋاستىلىرى تولىمۇ كۆپ. ياخشى ئادەم بولۇشنىڭمۇ يولى خىلمۇ خىل. ئۇنى بىرى باشقىچە يوسۇندا شەرھلىسە، يەنە بىرى باشقىچە ئۇسۇلدا چۈشەندۈرىدۇ. گەرچە بۇ ھەر

كىمىنىڭ بىلىش قىممىتىگە باغلىق ئىش بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەرگە ئارازلىق يەتكۈزمەسلىك، تەنگىمۇ، روھقىمۇ، ئۆزگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ ياخشى بولۇش، پايدىلىق بولۇش پرىنسىپىنى ئاساس قىلغاندا، يۇقىرىقىدەك چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش مۇمكىن. دېمەككى، ياخشى ئادەم بولۇش ئوڭاي ئىش ئەمەس، تەس ئىشمۇ ئەمەس. ئۇ بىزنىڭ ئەقىدە ـ ئىخلاسىمىزغا باغلىق ئىش. ئەمما دىققەت قىلىدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ياخشى ئادەملىك ئۆلچىمىنى قانداق بېكىتىشىمىز. ياش ئىجتىمائىيەت تەتقىقاتچىسى ئابدۇرېھىم دۆلەت بىزدىكى ياخشى ئادەملىك ئۆلچىمى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە مۇنداق بىر سىخېما ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارغان. يەنى بەزىلەر ئۆزىنىلا ئويلاپ ياشايدۇ. ئۆزى ئۈچۈنلا ياخشى ئىش قىلىدۇ. يەنى ئۆزىگە ياخشى، پايدىلىق بولسا قىلىدۇ... يەنى ئۆزى ئۈچۈنلا ياشايدۇ. يەنە بەزىلەر ئائىلىسىنىمۇ قوشۇپ ئويلايدۇ. يەنە بەزىلەر جەمەت ئۈچۈن ئويلايدۇ، جەمەتىنىڭ شان ـ شەرىپى، يۈزى ئۈچۈن ياشاشنى مۇھىم بىلىدۇ. مىللەت، خەلق ئۈچۈن پايدىلىق، ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ ۋە ئۇنىڭغا زىيانلىق قىلمىش ـ ئادەتلەردىن ئۆزىنى نېرى تارتىدۇ، بۇنداق ھادىسىلەرنى چەكلەيدۇ...

دېمەككى، بىز مانا مۇشۇ خىل نۇقتىئىنەزەر بويىچە قاراپ ئۆزىمىزنىڭ ئۆتكۈزۈۋاتقان ھەربىر مىنۇت ـ سېكۇنت ۋاقتىمىزنى باھالاپ باقىدىغان بولساق، شۇنداق بىر

نەرسە ئايدىڭلىشىدۇ: بىز زادى قانداق ئادەم! ھاياتىمىزدا قانداق ياخشى ئىشلارنى ۋە قانداق يامان ئىشلارنى قىلدۇق، بىز قىلغان ياخشىلىق كىملەرگە پايدىلىق؟...

دېمەككى، ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي غېمىدىنلا ھالقىغان، ئائىلە، يۇرت، مىللەت، ۋەتەن، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قاراپ كېڭىيەلىگەن قەلب، ۋۇجۇد تېخىمۇ مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ياشىيالايدۇ، تېخىمۇ مەنىلىك ياخشى ئىشلارنى قىلالايدۇ.

يالغۇز بىر بېشىمىزنىڭ غەم - غۇسسىسى ئۇچۇنلا ئەمەس، ئائىلە، مىللەت، جەمئىيەت ئۇچۇنمۇ قايغۇرايلى. ئۆزىمىزگىلا ئەمەس، جەمئىيەت ئۇچۇنمۇ ياخشى، مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قىلايلى. شۇ چاغدىلا بىزنىڭ ياخشى - يامانلىقىمىز ھەقىقىي ھالدا مەنىگە ئىگە بولىدۇ. ئىشلىرىمىز تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك تەرزدە داۋاملىشىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ھىدايەت تەرەپكە يېتەكلەيدۇ...

www.uyghurkitap.com

# ئىسراپچىلىق توغرا يولدىن چىقىشتۇر

بالام، زەمەھشەرى ھەزرىتىم تولىمۇ دانالىق بىلەن «ئىسراپچىلىق توغرا يولدىن چىقىشتۇر» دېگەنىكەن. نېمە، بۇ سەن بىلىدىغان ئاددىي گەپمىكەن؟ ياق، ئۇنداق قارىما، بۇ ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك ھېكمەت. قانداق دەمسەن؟ ئاڭلاپ تۇر. بۇ يەردىكى ئىسراپچىلىق نېمىنى كۆزدە تۇتىدۇ. يالغۇز يەيدىغان - ئىچىدىغاننىمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، جان بالام. تەن ساڭا بۇيۇك بىر نېمەت، ئۇنى جايىدا قوغداپ ئاسرىمىساڭ، شۇنچىۋالا ئەزىز، قۇۋۋەتلىك، بېجىرىم يارىتىلغان تېنىڭ بىھۇدە ئىسراپ بولىدۇ، سېنىڭ ئەقلىڭ، زېھنىڭ تېخىمۇ كاتتا بايلىق. ئۇنى لايىقىدا قوغدىمىساڭ، ئۇ تېخىمۇ تېز ۋە ئېچىنىشلىق تەرزدە ۋەيران بولىدۇ. ئەجەبا بۇ ئىسراپچىلىق ئەمەسمۇ؟ قارىغىنىكى ۋاقىت سەن ئۈچۈن بىھساب بايلىق. سەن ئۇنى ئىسراپ قىلمىدىڭمۇ؟ مانا قارىساڭ بايقايسەنكى، ئەتراپىڭدىكى ھەممە نەرسىدە ئالەمشۇمۇل ھېكمەت، مەنە، قىممەت بار. ئۇنى جايىدا ئىشلىتىشنى بىلمىسەڭ، چوقۇمكى ئۇ ناھايىتى ئوڭايلا ئىسراپ، ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ. ئاقىۋەتتە زىيان

www.uyghurkitap.com

تارتىدىغىنى يەنىلا سەن.

ئەي، ئەزىز ، ئاتا ـ ئانائىڭنىڭ پەخرى، ئۈمىدى ۋە ئىپتىخارى بولغان ئەقىللىق پەرزەنت، ساڭا كۆپتىن ـ كۆپ سالام ـ سەھەتلەر، ھەرىكىتىڭگە ئەجىر ـ رەھمەتلەر بولسۇن. تېنىڭگە سىغداپ يارىتىلغان ئاشۇ بىھېساب بايلىقلىرىڭغا كۆز تەگمىسۇن!

بىز گەپنى ئالدى بىلەن سېنىڭ ئەزىز تېنىڭ، مۇبارەك جىنىڭ، جىسمىڭ ھەققىدە باشلاشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. تەندە بەك چوڭ قىممەت بار. ۋەھالەنكى بۇ قىممەت تەنگە قانداق مۇئامىلە قىلىش، تەننى قانداق تونۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. سەن ئۇنى بايلىق، قىممەتلىك كۈچ دەپ تونۇساڭ ۋە ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن ئەزىزلەپ مۇئامىلە قىلساڭ ئۇنىڭ رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرالايسەن. بولمىسىچۇ؟ ئۇنى خارلايسەن، خورلايسەن، ئىسراپ قىلىسەن. تەندە قىممەت نېمە ئىش قىلسۇن دېمە. ئەدەپ، ئۇ ئالدى بىلەن روھقا ئالاقىدار پەزىلەت ئۇقۇم. توغرا ئەدەپ ئالدى بىلەن سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدا، دىلىڭدا قارار تاپىدۇ. قىممەتنى سېنىڭ روھىڭ بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئەمما ئۇ سېنىڭ نېرۋاڭ، يۈرىكىڭ، پۇت ـ قولۇڭ، ئىغىزىڭ، پۈتكۈل ئەزايى ـ تېنىڭ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئەدەپ ـ قىممەت ھېس قىلىدىغان، تەستىقلايدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي، تەن، جىسمىڭ، قولۇڭ، ئىغىزىڭ، كۆزۈڭ ئارقىلىق ئىجرا قىلىدىغان پەزىلەتتۇر. شۇڭا تېنىڭ ساق، ساغلام بولۇشى

لازىمدۇر.
بەلكىم ئۆزۆڭنىڭ ئاناڭنىڭ قارنىدىن قانداق ھال ـ سۈپەتتە تۇغۇلغانلىقىڭ، بۇ يورۇق ئالەمگە قانداق تەن ـ جىسىم ساپاسىدا چۈشكەنلىكىڭ ئېسىڭدە يوقتۇر. ئەمما سەن ئاتا ـ ئاناڭدىن سوراپ باق ياكى بولمىسا ئەتراپىڭدا تۇغۇلۇۋاتقان بوۋاقلارنىڭ تۇرقى ـ ھالىغا نەزەر ـ كۆزلىرىڭنى ئاغدۇرۇپ باق. بايقايسەنكى، ئەي بالا، ئىنسان (مۇتلەق كۆپچىلىكى) تۇغۇلۇشىدىنلا ناھايىتى بېجىرىم، ساق ـ ساغلام، تېتىك ـ تىمەن ھالدا بۇ يورۇق ئالەمگە بىر كامىل ۋۇجۇدنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. گەرچە ئۇ قىپقىزىل، ئەتلىمە گۆش ھالىتىدە بولسىمۇ. ئەمما ئۇنىڭ پىلتىڭلاشلىرىدا، قىيقاسلاپ، سۈرەن سېلىپ يىغلاشلىرىدا ھاياتلىقنىڭ ئىنتايىن ئاقىلانە كامىللىقىنىڭ ئىزناسى بار، ئاجايىپ زور قىممەت، ھېكمەت بار. بىلەمسەن، ئۇ ئەسلىدە بىر تامچە سۈيۈقلۇق ئىدى. بىر كارامەت بىلەن ئۇ ئانىنىڭ خاسىيەتلىك قارنىدا ئاستا ـ ئاستا يېتىلدى، جان ھالىتىگە كەلدى، زورايدى، مۇكەممەللەشتى، بىر تامچە سۈيۈقلۇققا جان كىرىپ، پۇت ـ قول، ئېغىز، بۇرۇن چىقتى، ئىنسان ئەقلىگە سىغدۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە مۇرەككەپ، سىستېمىلىق، بىقىياس مۇكەممەل ھالدا تەن ـ ئەزا شەكىللەندى. سەن ئاشۇ بىر تامچە سۈيۈقلۇققا قانداق قىلىپ جان كىرگىنىنى ۋە پۈتكۈل تەن، ئەزا، توقۇلمىلارنىڭ ئورنىنىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ

كەتمەي، ئالمىشىپ قالماي قانداق ھاسىل بولغىنىنى، ئۇلارغا تەقسىملەنگەن ئىقتىدار، روللارنىڭ قانداقسىگە شۇ قەدەر دەللىك بىلەن ئورنىنى تاپقىنىنى قايسى ئەقلىك بىلەن ئويلاپ، ھېس قىلىپ تېگىگە يېتەلەيسەن؟ نېمىشقا قول بىلەن پۇتنىڭ رولى ئەسلا ئالمىشىپ قالمايدۇ؟ نېمىشقا يۈرەكنىڭ ئورنىغا بۆرەك جايلىشىپ قالمايدۇ؟ نېمىشقا كۆز، بۇرۇن، ئېغىز، قۇلاقلارنىڭ ئورنى ئەسلا ئۇيان - بۇيان بولۇپ كەتمەيدۇ؟... توۋا دە، ئادەم بالىسى! ھەممىلا نەرسىگە جاۋاب كېرەكمۇ؟ ھاياتلىقتىكى تامامى نەرسىنى ئىنسانىنىڭ ئەقلى بىلەن چۈشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ ھەم ھەممىلا نەرسىنى جەزمەن ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە چۈشىنىمەن، بىلىمەن، ئاندىن ھەق دەپ تەستىقلايمەن دېيىشمۇ تەنتەكلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى قىممەت، بايلىق، ھېكمەت، مۆجىزە. ئاشۇلارنى بىلمەسلىك، ئاشۇ بۈيۈك ھېكمەتلەر ھەققىدە ئويلانماسلىقنىڭ ئۆزى ئىسراپچىلىقتۇر، نومۇستۇر.

ئىنسانغا ئەقىل بىلەن ھېس - ھېسسىيات مۇۋاپىق نىسبەتتە تەقسىم قىلىنغان. بۇمۇ بىلسەڭ بۈيۈك تەقسىمات، ھېكمەتتۇر بالام. ھېس - ھېسسىيات نېمىگە لازىمدۇر؟ بىلگىنىڭكى ئىنسان، ھېسسىيات ساڭا نوقۇل شەھۋەت، شۆھرەت، كۆڭۈل ئۇچۇنلا بېرىلگەن نەرسە ئەمەس. ئەقىل يەتمەيدىغان ساماۋى مۆجىزە - ھېكمەتلەر دەل سېنىڭ قەلبىڭ بىلەن ھېس قىلىشىڭغا، چۈشىنىشىڭگە،

تەن ئىلىشىشىغا قالدۇرۇلغاندۇر. ئەگەردە ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭنى مۇنداق مۆجىزە ـ ھېكمەتلەرنى چۈشىنىشكە ئىشلەتمەي نوقۇل باشقا ئويۇن ـ تاماشا ياكى شەھۋەت ـ شۆھرەت ئۈچۈنلا ئىشلەتسەڭ بۇمۇ بىر كاتتا ئىسراپچىلىقتۇر. بەزى نەرسىلەرنى ھېس قىل، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان سىرۇ ئەسرار، مۆجىزە ـ ھېكمەتلەرگە قول قوي ۋە ئۆز ئاجىزلىقىڭنى تۆۋەنچىلىك بىلەن تەن ئېلىپ، تەبىئەتنىڭ بۈيۈك قانۇنىيەتلىرى ئالدىدا يۈكۈنۈشنى بىل. سېنىڭ، مېنىڭ تەن ـ ئەزايىمىزنىڭ يارىلىشى ئەڭ ئالدى بىلەن ئەنە شۇنداق كاتتا بىر مۆجىزە ـ ئېھسانىنىڭ ھامىيلىقىغا تۇتىشىپ كەتكەندۇر. بىزنىڭ بۇ مۆجىزىنى تەن ئالماي ئىلاجىمىز بارمۇ؟ بۇ ئىنسانىنىڭ ئىرادىسىگە، بۇيرۇقىغا ياكى پىلانلىشىغا بويسۇنىدىغان ئىش ئەمەس. كەل بالام، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مۇبارەك تەن ـ ئەزايىمىزغا يېڭىۋاشتىن نەزەر سالايلى، ئىنسان ئىرادىسى، ئەقلىدىن ھالقىغان بۈيۈك ھېكمەت مۇجەسسەملەنگەن جىسمىمىزدىكى كامىللىقتا تەھسىن ئوقۇيلى، ئاندىن جان ـ تەن ھەققىدە يېڭىدىن ـ يېڭى تەلقىنلەرگە كۆچەيلى.

ئەقىللىق بالام، جان ـ تەنگە مۇجەسسەملەنگەن ھېكمەتلەر سەندە ئىنسانىنىڭ يارىتىلمىسىغا، تەن ـ ئەزالارنىڭ قىممىتى، سىرۇ ئەسرارىغا قارىتا قايىللىق، ئۆز تېنىڭگە قارىتا ھەۋەس ئويغىتالىغان بولسا، بۇ بەك ئوبدان بولغىنىدۇر. بىزدىكى نۇرغۇن ئادەم ئۆزىنىڭ

يارىتىلمىسىغا، تۇغۇلۇشىغا ناھايىتىمۇ ئېتىبارسىز قارايدۇ. خۇددى بىراۋ ئانىسىنىڭ قورسىقىغا تۇيۇقسىزلا ئۇنۇپ قالغاندەك ياكى ئاسماندىن پوككىدە چۈشۈپ پەيدا بولۇپ قالغاندەك ئىنسانغا ۋە ئۇنىڭ قىممىتىگە، ھېكمىتىگە مەنسىتمەسلىك، پەرۋاسىزلىق نەزىرى بىلەن قارايدۇ. ئۆز تېنىنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئۇنى خارلايدۇ، ئۆز جېنىغا رەھىمسىزلىك قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەزىز تېنىگە، مۇقەددەس جېنىغا ئىچى ئاغرىمىغان ئادەمنىڭ ھاياتى قانداق نەرسىلەرگە ئىچ ئاغرىشى، مۇھەببەت قويۇپ، ئەقىدە باغلىشى مۇمكىن. ئەڭ رەھىمسىز ئادەم ئۆز جېنىغا رەھىمسىزلىك قىلىدۇ.

قاراپ باق، بالام، بوۋاق پاكىز، نۇقسانسىز پېتى بۇ ئالەمگە كۆز ئاچقاندىن باشلاپلا ئاتا ـ ئانا بولغۇچى ئۇنىڭغا ئۆزى تاپالىغان ئەڭ قۇۋۋەتلىك تائاملارنى بېرىدۇ، ئەڭ ئېسىل كىيىملىرنى، ئەڭ چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتىنى پەرزەنتىگە بېغىشلايدۇ. بىزدە «بالاڭنى كۆر، جېنىڭنى كۆر»، «بالا دېسە جان بېرىپتۇ» دەيدىغان ھېكمەتلەردىن نۇرغۇننى تېپىش مۇمكىن. بىر ئاتا ـ ئانا نېمىشقا بالىسىنى ئۆزىدىنمۇ ئەزىز بىلىپ بېشىدا كۆتۈرىدۇ؟ يېمەي يىغىپ نېمىشقا ھەممە مۇرۇۋۋەتلىك بىساتىنى بالىسىنىڭ ئالىقىنىغا سېخىيلىق بىلەن تۆكۈۋېتىدۇ؟

ئەزىز بالام، ئاتا ـ ئانىلاردا تەمە بولمايدۇ، ئۇلار پەرزەنتلىرىنى غەرەزسىز سۆيىدۇ، تەمەسىز باقىدۇ، ئۇلارنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئويلايدىغىنى بالىلىرىنىڭ ساغلام،

ئەقىللىق چوڭ بولۇشىدۇر. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئەيىبناق، ئاجىز، كېسەلمەن، ۋاپاسىز پېتى چوڭ بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. گەرچە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ شارائىت ۋە ساپاسىغا قاراپ پەرزەنت تەربىيىسىدە مەلۇم پەرقلەر بولسىمۇ، دۇنياۋى ئورتاق بىر خاھىشى شۇكى، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ يارامىلىق ئەۋلاد بولۇشىنى جان ـ دىلى بىلەن تىلەيدۇ، ئارمان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋاقىت ـ ئۆمرى، زېھنى، پۇل ـ مېلىنى بالىلىرىغا سەرپ قىلىدۇ. بالىلىرىنىڭ زالالىتىنى تىلەيدىغان ئاتا ـ ئانىلار بولمىسا كېرەك. ئەجەبا ئىنسان ئۈچۈن بۇنىڭدىن كاتتا بايلىق بارمۇ بۇ جاھاندا؟! ئەجەبا مۇنداق بۈيۈك مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ قەدرىنى قىلماي، ئاتا ـ ئانىنى زار ـ زار قاقشىتىش ئىسراپچىلىق بولماي نېمە؟

بالام، سېنىڭ جېنىڭ، تېنىڭ، تومۇرۇڭدا دولقۇنلاپ، شاشلىق بىلەن ئېقىۋاتقان قېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئەنە شۇنداق ئارزۇ ـ ئارمىنى، تەر ـ ئەجرى بەدىلىگە بۇگۈنكىدەك بەردەم، جۇشقۇن ھالغا كەلگەندۇر. دېمەككى سېنىڭ تېنىڭ، جېنىڭ يالغۇز ساڭىلا تەئەللۇق ئەمەس. ئۇنىڭدا ئاتا ـ ئاناڭنىڭ، ئەھلى ـ مەھەللىنىڭمۇ ھەققى ـ ھۆرمىتى بار. سېنىڭ تېنىڭگە بەك زور ئۈمىدلەر سىڭگەن. ئۇنى جايىدا ئاسرىماسلىقنىڭ ئۆزى ئىسراپچىلىقتۇر، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلارغا نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىكتۇر. تېنىڭنى قەدىرلەش، ئاسراش ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى،

ئۈتلۈق تىلەكلىرىنى ئاقلاش جۈملىسىدىندۇر. تېنىڭ ساق، بىجىرىم، ساغلام تۇرسا ئاتا ـ ئانىڭنىڭ يۈرىكى توق، كۆڭلى ئەمىنلىكتە قارار تاپىدۇ. تېنىڭ كۈچلەنسە، روھىڭ ئۇرغۇپ تۇرسا ئاتا ـ ئاناڭنىڭ غۇرۇر ـ ئىپتىخارى ئاشىدۇ. كېسەل بولساڭچۇ! تېنىڭ زەئىپ، ئاجىز، روھىڭ چۈشكۈن، لىڭتاسما بولسىچۇ؟ قايسى ئوت يۈرەك ئاتا، قايسى باغرى چوغ ئاتا ئۆز ئوغلىنىڭ لەشتەك بوشاڭ، لىڭتاسما، كېسەلمەن تۇرقىدىن سۆيۈنسۇن؟ كېسەلمەن ئاجىز، زەئىپ تەن بىلەن قانداق ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولسۇن؟

ئەي بالام، كەلگۈسىدە چوڭ بولسەن، ئائىلە قۇرىسەن، پەرزەنتلىك بولىسەن، بىر ئائىلىنى يەلكەڭگە ئېلىپ تۇرمۇشنىڭ داۋانلىق يولىدا ناھايىتى ئۇزاق مۇساپىلەرنى باسىسەن، يۇرت ـ ئەلگە تىرەك بولىسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىجىرىم، قاۋۇل، كۈچتۈڭگۈر تەن بەكمۇ مۇھىمدۇر. بولۇپمۇ مەيلى ئائىلىدە بولسۇن ياكى جەمئىيەتتە، مەلۇم قوۋم ئارىسىدا بولسۇن ساغلام، كۈچتۈڭگۈر، تېنىدىن جۈشقۇنلۇق، قەتئىيلىك، يېڭىلمەس روھ، جاپادىن قورقمايدىغان، تىز پۈكمەيدىغان جاسارەت تەپچىپ تۇرىدىغان قاۋۇل بەدەنگە ئىگە ئادەملەر قانچە كۆپ بولسا، شۇ يەردە سائادەت سادالىرى كۆپ بولىدۇ. كىشىلەر خۇشلۇق ئىچىدە راھەتبەخش تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. تېنى ئاجىز، زەيىپانە ، ئاجىز، نازۇك ئادەم كۆپ يەردە ئىش ئاقمايدۇ. ھەممەيلەن ئېغىر، قىيىن ئىشتىن قورقۇپ قاچقاق كېلىدۇ. نەتىجىدە خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە

www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، ئېغىر ۋەزىپىلەر ئورۇندالماي تاشلىنىپ قالىدۇ ـ دە، ئەھلى ـ جامائەت چېچىلىپ كېتىدۇ. جەمئىيەتتىن بەرىكەت، خۇشلۇق، ئىناقلىق، ئادالەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا غەيۋەت، ھورۇنلۇق، ئىناقسىزلىق ۋە زۇلۇم ـ زالالەت ئورنىشىۋالىدۇ. ئەجەبا بۇ ياخشىلىقنىڭ ئىسراپى، ئەزگۈلۈكنىڭ ھالاكىتى ئەمەسمۇ؟

قاراپ باق، بالام، تۇغۇلغاندا شۇ قەدەر بىچىرىم تۇغۇلغان، ئاتا ـ ئاناڭ شۇ قەدەر كۆيۈمچانلىق بىلەن ئەجىر سىڭدۈرگەن تەن ـ ئەزايىڭ بۈگۈن نە ھالدا ـ ھە؟! سەن ئۇنى سېسىق ئىس ـ بۇستا، زىيانلىق ئىچىملىك ـ يېمەكلىكتە زەھەرلەش ئارقىلىق نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى؟ ئەزىز تەننى سېنىڭ خارلاش، خورلاشقا نېمە ھەددىڭ! ئاشۇنداق بۈيۈك بايلىقنى ئىسراپ قىلىشقا نېمە ھەققىڭ؟ تەن روھنىڭ قارارگاھى، جاننىڭ تۇرار جايى، سېنىڭ روھىڭ زىيانلىق، چىركىن نەرسىلەرنىڭ ئازگىلىغا ئايلىنىپ قالغان تېنىڭدە ئەمىنلىك تاپالامدۇ؟ جېنىڭنىڭ سىغار جايى ئەۋرەز ـ ئازگالمۇ؟

بالام، ئەتىدىن ـ كەچكىچە زىيانلىق يېمەكلىكلەر، بەدەننى، ئورگانىزملارنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان غىزالار ئارقىلىق غىزالانساڭ ئەتە ـ ئۆگۈن تېنىڭ قايسى ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ھەرىكەت قىلماي، چېنىقىپ بەرمەي ھورۇنلۇق بىلەن ئولتۇرۇۋالساڭ ياكى يېتىۋالساڭ تېنىڭ زەئىپلىشىپ

كەتمەمدۇ؟...
بالام، سەھەر تۇرۇپ، تاڭنىڭ سۈزۈك، ساپ ھاۋاسىدا بەدەن چېنىقتۇرۇپ بەر. ھەرىكەت قىل، تېنىڭنى كۈچلەندۈر. پۇت - قولۇڭغا ماغدۇر توپلا، پەيلىرىڭ قاتسۇن. سەن ئەتە ئۇچۇن ئاتالغان سوۋغات، كېلەچەك ئۈچۈن كېرىلگەن كىرىچسەن. تەنىنىڭ مەزمۇت، ساق، ساغلام، قۇۋۋەتلىك بولۇشى بىھېساب بايلىقتۇر. زىيانلىق يېمەكلىك، ئىچىملىكلەردىن نېرى تۇر. ئىنسان نەپسىنى، ئېغىزىنى قانداق چاغلاردا قويۇپ بېرىش ۋە ھەم قانداق چاغدا يىغىۋېلىشنى ئوبدان بىلىۋېلىشى كېرەك. بەدىنىڭ ئاجىزلاپ كەتسە تەبىئىي ھالدا روھىڭ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاسان ھېرىپ قالىسەن. ئىش خۇشياقمايدۇ، زېھنىي قۇۋۋىتىڭ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئۆگىنىشىڭمۇ، تۇرمۇشۇڭمۇ چېكىنىپ كېتىدۇ. ئىنسان ئۈچۈن ساغلام تەن بەكمۇ قىممەتلىك. ئۇ بىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت تامان ئىلگىرىلىشىمىزنىڭ جىسمانىي ئاساسى. بەزىدە غايە ھەر قانچە ئۇلۇغ، بۈيۈك بولسىمۇ، تەن زەئىپ، ئاجىز، كۈچسىز بولسا بىز غايە - نىشانىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىپ قالىمىز. بالام، بۈيۈك ئارزۇ بېجىرىم تەننى تەقەززا قىلىدۇ. بۇنى ھەرگىز ئۇنۇتما...
شۇنداق، بالام تەندىمۇ ئەدەپ، تەندىمۇ قىممەت بار. ئۆز تېنىڭگە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا تېخىمۇ كاتتا ئەدەپ، ئىلىم بار. ئۇنى ئاسراش، قوغداش، كۈچەيتىش، كۈچلەندۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ كاتتا ئىلىم جۇملىسىدىندۇر.

باشقا ئەدەپ مەزمۇنلىرىنى ئورۇنلايدىغان، ئىپادىلەيدىغان تېنىڭنى ياخشى تونۇ، ئاسرا، قوغدا. ھەقىقەتەنمۇ، جان ـ تەن ساڭا بۈيۈك بىر نېمەت. ئۇنى لايىقىدا قەدىرلىمەسلىك بۈيۈك ئىسراپچىلىقتۇر. ئەقلىمىز كاتتا بايلىق، ئۇنى لايىقىدا ئىشلەتمەسلىك ئوخشاشلا چوڭ ئىسراپچىلىقتۇر. بىزدە بايلىق، كۈچ، ئەقىل تولۇپ ـ تېشىپتۇ. لېكىن بىز شۇنچە كەمبەغەل، ئاجىز. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى بىز ئىلكىمىزدە بار تەييار بايلىقنىڭ قەدرىنىمۇ قىلمايۋاتىمىز، بەلكى ئۇنى ئىشلەتمەي خورىتىۋاتىمىز، بالام. زەمەھشەرى ھەزرەت «ئۆز ئابرۇيىڭنى ساقلاشقا پايدىسى بار نەرسىنى تارتىنماستىن ئال، قەدرى ـ قىممىتىڭنى چۈشۈرىدىغان نەرسىنى ئالما» دېگەنىكەن. بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىڭنى ساقلايدىغان، تونۇتىدىغان كۈچ، بايلىق ئىلكىڭدە لىق تۇرۇپتۇ، ئۇنى ئىسراپ قىلما، ئىشلەت، ئىشلەت، ئىشلەت! بولمىسا زەمەھشەرى ھەزرىتىم دېگەندەك ئەھۋالغا دۇچار بولىسەن: «مال ـ بايلىقى ئۆزىدىن يىراقتا بولغان ئادەمنىڭ ئەھۋالى يامانلىشىپ، ھالاكەتكە يولۇقىدۇ.» سېنىڭ مال ـ بايلىقىڭ بارمۇ؟ ئەلۋەتتە بار، سېنىڭ پۈت ـ قولۇڭ، كاللاڭ، ئەقلىڭ، ھېس ـ تۇيغۇڭ، ھەتتا ھەربىر تۈك ـ تىرنىقىڭغىچە ھەممىسى بايلىق. لېكىن بىلەمسەن، سەن ئۇنى يىراقتا قالدۇرۇپ قويدۇڭ. ھەيران قالما، سەن ئۇ نەرسىلەرنى بىرگە ئېلىپ يۈرۈۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتامسەن؟ ياق سەن ئۇ نەرسىلەرنى بەكمۇ

يىراقتا قالدۇرۇپ قويدۇق. ئىشلەتمەي ئىسراپ قىلىۋەتتىڭ، ئاقىۋەت مانا ھازىرقىدەك نىمجان ھالىڭ شەكىللەندى. ئەمدى بولسىمۇ ئۇلارنى ئىسراپ قىلما، خورلىما، خورىتىپ يوق قىلما، بالام. قېنى ھەرىكەتكە كەل. تېنىڭ، ئەقلىڭ، روھىڭدىكى بارلىق بايلىقلىرىڭنى تولۇق ئىشقا سېلىپ ئالغا ئىنتىل. شۇ چاغدىلا زەمەھشەرى ھەزرەت سۈپەتلىگەندەك كامىللاردىن بولالايسەن، قېشىڭغا «ئۆزۈڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان كەسپىكە قولىمىزدىن تۇتۇپ يېتەكلە، دەردلىك قەلبىمىزنى داۋالاشقا بىزنى مۇۋەپپەق قىل» دەپ قول سۇنۇپ كېلىدىغانلار جىق چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# تۈگەنچە

ئەي بالام، بىز يۇقىرىدا ئەللامە زەمەخشەرى ھەزرەتنىڭ «جۇشقۇن سۆزلەر»ىنى ۋە ئۇنىڭغا يانداشتۇرۇپ شۇ تەرزدىكى ھېكمەت ـ نەسىھەتلەرنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. زەمەخشەرى: «... بۇ كىتابىم ئۈچۈن ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە توغرا يولدا مېڭىش جەھەتتە رىغبەت قىلغۇچىلارنى ھەمدە پايدىلىق ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ياخشى كۆرگۈچىلەرنى ئاتا قىلغايسەن» دېگەنىكەن. بىزمۇ ھەم سەندىن ۋە سەن دېمەتلىك بالىلارنىڭ ئىلىم، ئەخلاق يولىدا ھارماي ماڭىدىغان جانپىدا بالىلاردىن بولۇپ چىقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز ئىلىم، ئەخلاق بىلەن قۇدرەت تېپىشنى تەۋسىيە قىلىۋاتىمىز. زەمەخشەرى ھەزرەت ھەم باشتىن ـ ئاخىر ئەنە شۇنداق ئىلىم، ئەخلاق ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىنسانىي پازىللىقىنى ئىزدەپ، نۇرلاندۇرۇپ، شۇ يولدا ئەجىر قىلىپ ئۆتكەن زات. سېنىڭمۇ ھەم شۇ روھ بىلەن ياشىشىڭنى ئارزۇلايمەن، بالام. ياخشىلىقتا ئەگەش، ئىلىمگە سوڭداش. بىز سېنى نۇرلۇق مەنزىللەردە كۆرۈشنى خالايمىز.